# ئۇيغۇر قىسمەتلىرى

# 20 - ئەسىر مەركىزى ئاسىيا سىياسىي توقۇنۇشلىرىدا

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

بۇ رىسالىنى مەن ئۆچمەس ئەڭ ئالىي ھۆرمەتلىك ئىنسانلار- دادام تۇرسۇن بارات (1936-2017) ۋە ئانام نۇرنىسا ئابدۇرېھىم (1942-2013) لارنىڭ ئۆچمەس خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئەڭ تەلەپچان ۋە قابىل ئۇستاز- مائارىپچى ھەم ئەڭ مېھرىبان ئاتا- ئانا ئىدى.

ۋاشىنگتون

2018-يىلى، 8- سېنتەبىر

**مۇندەرىجە**

مۇقەددىمە

توقۇنۇشلار سىرلىرىنىڭ ئېچىلىشى

«غۇلجا يولى»- ھۆرلۈك ئۇچۇن تىراگېدىيەدىن قېچىش يولى

يېڭى قىسمەتلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى-ئۆكتەبىر بورانلىرى

«ئاتۇ پاجىئەسى»-كوممۇنىستلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئېغىر قىرغىنچىلىقى

ئۇيغۇرلار دىيارى سوۋېت رۇسىيەسى ۋە بېرتانىيە ئارىسىدا

لېۋ تروتسكىينىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىدا ئۇيغۇرلار رايونى

ئۇيغۇرلاردىكى ئىككى تاشقى تەسىر يولى

تۈركىستان كومىسسىيەسى

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» ۋە ئۇيغۇر سىياسىي قىسمىتىنىڭ تۇنجى قېتىم يېچىلىشى

ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىد ئارىسىدىكى توقۇنۇش

ستالىن باسقان ئۇيغۇر سىياسىي تىراگېدىيە قارا تامغىسى

ئىزاھاتلار ۋە پايدىلانغان ئەسەرلەر

## مۇقەددىمە

20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي تارىخى ناھايىتى مۇرەككەپ مۇساپىلەر ۋە مول مەزمۇنلار بىلەن تولغانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئۆز ۋەتىنىدە باشقا خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگە ئېرىشكەنلىكى ،جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر دەۋردىكى سىياسىي تەقدىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى ھېچ سىر بولمىسا كېرەك. 20-ئەسىر ئۇيغۇر قىسمەتلىرى، بولۇپمۇ بۇ تراگېدىيەلىك قىسمەتلەرنىڭ باشلىنىشى بولغان 1917-1920-يىللاردىكى جەريانلىرى ھەم ئۇنىڭ سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئەسكەرتىش زۆرۈركى، 1955-يىلىدىن بۇيان جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلار ۋە شەرقشۇناسلىق ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رۇس شەرقشۇناسلىقىدا دائىم «شەرقى تۈركىستان» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان شۇنىڭدەك يەنە «ياۋرو-ئاسىيانىڭ تۆت كوچا ئېغىزى» (1) ۋە ياكى «يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى» ، « ئاسىيانىڭ يۈرىكى» دېگەندەك سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ناملارغىمۇ ئېرىشكەن بۇ زېمىن ھەم ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مىللەت ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ 19- ۋە 20-ئەسىر سىياسىي،ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى ھەم مەدەنىيەت ھاياتى ھەققىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرىدە بىر قاتار ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى شۇنىڭدەك پۇتبىلىستكىلىق ماقالىلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا سوۋېت مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن قوشنا ۋە ئۇزۇن چېگرا لىنىيىسىگە ئىگە شۇنىڭدەك خىتاي گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە كونترول قىلىشىدىن مۇستەسنا تۇرغان ئۇيغۇرلار دىيارى ، يەنى رۇس تارىخى -جۇغراپىيەسىدە دائىم «شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭغارىيە »دەپ ئاتالغان مەزكۇر زېمىنغا قاراتقان سىياسىتى، بۇ رايوننىڭ سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى، جۈملىدىن «كونا» ۋە «يېڭى چوڭ ئويۇن»لاردىكى ئورنى ھەم باشقا مەسىلىلەرگە ئائىت ئەسەرلەر ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن مەركىزى ئاسىيا رايونى چوڭ ئىمپېرىيەلەر ئارىسىدىكى ھەربىي-سىياسىي، سودا-ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر توقۇنۇشى -« چوڭ ئويۇن» دەۋرىگە كىرىپ، بۇ رايوندا ئاساسلىقى رۇسىيە ۋە بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيەلىرى بىر مەيدان كەسكىن كۈرەش ئېلىپ باردى. 19-ئەسىرنىڭ 60-70-يىللىرىدا « چوڭ ئويۇن» ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى يەتتىشەھەر دۆلىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىسمەتلىرى بۇ چوڭ ئويۇندىن ئورۇن ئالدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ 1864-يىلى قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ، بىر قانچە يىللىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق پۈتۈن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چۆچەك ۋە ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھالدا تاكى بارىكۆلگىچە بولغان كەڭ بىپايان زېمىندا مانجۇ-چىڭ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى يوقىتىلدى شۇنىڭدەك يەتتىشەھەر ھاكىمىيىتىنىڭ جەنۇبتا خوتەندىن تارتىپ شىمالدا ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ، غەربتە تاكى ماناسقىچە بولغان رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن مەركىزى ئاسىيادىكى كۈچلۈك چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشى بۈيۈك بېرىتانىيە،

چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە چىڭ ئىمپېرىيەلىرىنى بۇ رايوننىڭ سىياسىي تەقدىرىگە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. مەزكۇر رايوننىڭ، يەنى يەتتىشەھەر دۆلىتىنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىر تەرەپنىڭ مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ ئۆز قۇدرىتى ۋە دۆشمەنگە تىز پۈكمەس روھىغا باغلىنىشلىق بولسا، ئەڭ مۇھىمى تاشقى جەھەتتىن « چوڭ ئويۇن»دىكى قۇدرەتلىك كۈچلەر ھېسابلىنىدىغان رۇسىيە بىلەن بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسىگە باغلىق ئىدى.  بۇ ۋاقىتتا قۇدرەتلىك ياۋروپا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن « بېيجىڭ شەرتنامىسى»قاتارلىق شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە باغلىنىشلىق ۋە مەنپەئەت دائىرلىرى بويىچە بۆلۈۋېلىنغان ئاجىز چىڭ ئىمپېرىيەسى « چوڭ ئويۇن»غا قاتنىشىش سالاھىتىگە ئىگە ئەمەس بولسىمۇ، بىراق ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىغان نىسبەتەن ئىلگىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جايلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا يەنىلا ئاۋاز كۈچىگە ئىگە ئىدى.

بىر تەرەپتىن شەنشى-سەنشى ۋە گەنسۇ رايونلىرىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشىلىق قوزغىلاڭلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ياتلارغا، يەنى مانجۇلارغا قارشى خىتاي مىللەتچىلىكى بىلەن ياۋروپا خرىستىيان دىنى ئېتقادى بىرلىشىپ كەتكەن تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى مانجۇ ئىمپېرىيەسىنى ئاجىزلاتقان بولسىمۇ، ئەمما زو زوڭتاڭ باشچىلىقىدىكى ئاساسلىقى خۇنەنلىكلەردىن تۈزۈلگەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇڭگانلارنى قىرغىن قىلىش بەدىلىگە قوزغىلاڭنى باستۇرۇشى چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ يەتتىشەھەر ھاكىمىيتىگە قارشى جازا يۈرۈشى نامى ئاستىدىكى ئىشغالچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان ئىدى. ئەمما بۇ مەسىلىدە ئۇيغۇرلار دىيارىنى قايتا ئىشغال قىلىش، يەتتىشەھەر دۆلىتىگە قارشى يۈرۈش قىلىش، يەنى قۇرۇقلۇق مۇداپىيسىنى كۈچەيتىش تەرەپدارى زو زوڭتاڭ گۇرۇھى بىلەن چىڭ ئوردىسى ۋەزىرلىرىدىن لى خوڭجاڭ باشچىلىقىدىكى دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، غەربىي تەرەپتىكى جايلارنى تاشلىۋېتىش تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىپ، قاتتىق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن 1875-يىلىغا كەلگەندە چىڭ ئىمپېراتورى ئاخىرى زو زوڭتاڭ گۇرۇھىنىڭ پىلانىنى قوللىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەنچىڭ قوشۇنلىرى تۇڭگان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن بولۇۋاتقاندا ۋە چىڭ ئوردىسىدىكى بۇ تالاش-تارتىشلار داۋاملىشىۋاتقاندا بولسا ياقۇپ بەگ  گاھ رۇسىيە بىلەن يېقىنلىشىپ، بىرىتانىيەگە بېسىم قىلسا، گاھ بىرىتانىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن يېقىنلىشىپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسىگە بېسىم كۆرسىتىش تاكتىكىسى قوللىنىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ياقۇپ بەگنىڭ بىرىتانىيە ۋە ئوسمانلى ئىمپېرىيەلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، يەنى، بۇ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ يەتتىشەھەر دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭ قوقان خانلىقى ۋە قازاق-قىرغىزلارنى رۇسىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۆرەشلەرگە چاقىرىشى شۇنىڭدەك رۇسىيە ئىشغالىيىتىدىكى جايلارغا قوشۇن تارتىپ بېرىش تەھدىتى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىش ھەم ئىلنى بېسىۋېلىش، گېزى كەلسە قەشقەرىيەگىمۇ ھۇجۇم قىلىش، ئەمما ئۇنى رەسمىي ئېتىراپ قىلماي ، ئۇنىڭ بىلەن پەقەت سودا كېلىشىمى تۈزۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

« چوڭ ئويۇن»دىكى مەركىزى ئاسىيادا كەسكىن ئېلىشىۋاتقان رۇسىيە ۋە بىرىتانىيە ئىمپېرىيەلىرى ئارىسىدا قەشقەرىيەنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ھېچ كىم بۇ جاينىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. نەتىجىدە، بىرىنچى بولۇپ، بۇ دۆلەتنى ئېتىراپ قىلغان بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا، 1876-يىلى بولسا، بىرلىكتە ئېتىراپ قىلىپ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ بۇ جاينى ئىگىلىۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىشقا،  ھېچ بولمىسا، بۇ جاينى بۇ ئىمپېرىيەلەر ئارىسىدىكى بىتەرەپ ، يەنى ئوتتۇرىدىكى دۆلەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشقا چاقىردى. بىراق، رۇسىيە بۇ تەلەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى قوللىمىغان بولۇپ، نەتىجىدە لوندون ئۆزى تەنھا چىڭ ئىمپېرىيەسىنى قەشقەرنىڭ سىياسىي

ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈرۈمچى، داۋانچىڭدىن غەلىبىلىك ئۆتۈشى نەتىجىسىدە، زو زوڭتاڭ گۇرۇھى داۋاملىق قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە لوندوننىڭ دىپلوماتىيەلىك ھەرىكەتلىرى كۈچ كۆرسىتەلمىدى. ئەكسىچە ئەنگلىيە بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇللىرىغا ئېرىشكەن زو زوڭتاڭ ئۆز غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ماددى مەنبەگە ئىگە بولغان ئىدى. بۇ پاجىئەدە ياقۇپ بەگ تاكتىكا جەھەتتىن خاتالاشقان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەرققە يۆتكەپ، زو زوڭتاڭنىڭ سانى ئاز ۋە دەسلەپكى سىناق شەكلىدە ھۇجۇم ئېلىپ بارغۇچى ۋە ئارقا سېپى يىراق قوشۇنلىرىغا ئۈرۈمچى ئەتراپىدا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتمەستىن بەلكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۈرۈمچىنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئۆزىنى كۈچەيتىۋېلىشى ۋە تەييارلىنىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ياقۇپ بەگ باشتىن ئاخىرى ئۆز قوشۇنلىرىنى چىڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلماسلىققا بۇيرۇغان بولۇپ، ئۇ ئەكسىچە ئۆز ئەلچىسىنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ مەزكۇر سۈلھى تاكتىكىسى ئەينى ۋاقىتتا خوتەنلىكلەر، كۇچارلىقلارغا ئاققان بىلەن شەنشى-سەنشىدە تۇغۇلغان قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ئۆز مىللەتداشلىرى، يەنى تەيپىڭ تيەنگوچىلارنى قانلىق ۋە رەھىمسىز قىرغىن قىلىپ، « جاللات »نامىنى ئالغان زو زوڭتاڭغا ئاقمىغان ئىدى.

ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرى باشتىلا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يىراقتىن چارچاپ ئاران كەلگەن زو زوڭتاڭنىڭ دەسلەپكى ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىنى بىراقلا تارمار قىلىۋەتكەن بولسا، ئەلۋەتتە، زو زوڭتاڭ ئارمىيەسىدە ۋە ئۇنىڭ پىلانىدا ئومۇمى مەغلۇبىيەت يۈز بېرەتتى، ئاقىۋەتتە بېيجىڭدىكى لى خوڭجاڭ باشلىق زو زوڭتاڭنىڭ رەقىبلىرىنىڭ دېگىنى مۇداپىئەسى كۆز قارىشى كۈچكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، لوندوننىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە قويغان قەشقەرنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش تەكلىپىمۇ ئەمەلگە ئاشاتتى. ياقۇپ بەگنىڭ ئەنە شۇ ھەربىي تاكتىكا خاتاسى ۋە باشقا بىر قاتار ئىچكى ھەم تاشقى سىياسىي جەھەتتىكى خاتالىرى بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىكى، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ۋە 12 يىللىق بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئېچىنىشلىق بويسۇنۇش تەقدىرىگە دۇچار بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللار ھېسابلانسا كېرەك. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقىلار پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرگە ئاساسەن قىلىنغان پەرەزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تارىختىي تەرەققىيات ھۆكۈمى بىزنىڭ پەرىزىمىزنىڭ ئەكسىچە ماڭغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن بىز خاتالىقلارنى ئالدى بىلەن ئۆزگىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدەش ئۇسۇلى بويىچە ئەنە شۇ ياقۇپ بەگنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك.

1876-1877-يىلدىكى چار رۇسىيە سىياستى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيتىنى يوقىتىشىغا قاراپ تۇرۇش ۋە يول قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى قەشقەرىيەنىڭ تەقدىرى خۇددى رۇسىيە، بېرىتانىيە ئىمپېرىيەلىرى ئارىسىدا « ساڭمۇ يوق، ماڭمۇ يوق» دېگەندەك پەقەت مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا تاشلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق، قەشقەرىيەنىڭ چىڭ ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىگىلىنىشى زو زوڭتاڭنىڭ رۇسلارنىڭ ئالدىغا ئىلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى قويۇشىغا، 1878-يىلدىن كېيىن ئىلى مەسىلىسىدە رۇسىيەگە ھەربىي تەھدىت سېلىشقا ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، 1878-1880-يىلى ئارىسىدا رۇسىيە ۋە چىڭ ئىمپېرىيەسى ئارىسىدا ئىلى مەسىلىسىدە چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلاش ھالىتى شەكىللەنگەندە رۇسلار قايتىدىن ياقۇپ بەگنىڭ چوڭ ئوغلى بەق قۇلىبەگ باشچىلىقىدا قەشقەرىيە دۆلىتى، بەي ياڭخۇنىڭ باشچىلىقىدا تۇڭگان دۆلىتىنى قۇرماقچى بولدى. رۇسىيە ھەربىي دائىرىلىرى بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مانجۇلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشىدا پايدىلانماقچى ۋە چىڭ سۇلالىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇرلار دىيارىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغان

ئىدى. بىراق، 1881-يىلى 2-ئايدا « رۇسىيە-خىتاي ئىلى شەرتنامىسى» ۋە ياكى « پېتربۇرگ شەرتنامىسى» ئىمزالىنىشى بىلەن رۇسىيە ئۆزلىرىنىڭ مەزكۇر مەخپىي پىلانىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى.

« پېتربۇرگ شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن رۇسىيە ئۇيغۇرلار دىيارىدا كونسۇلخانىلارنى ئېچىش ۋە باج تۆلىمەي سودا قىلىش قاتارلىق زور ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ،ئۇلار ئۆلكىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى سودا-ئىقتىسادىي جەھەتتىن مونوپول قىلىۋالدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرتانىيەنىڭ قەشقەرىيەدە ئۆز سودا-ئىقتىسادى ۋە سىياسى تەسىرىنى تىكلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. بېرتانىيەمۇ قەشقەرىيەدىكى سودا-ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىنى تىكلەشتىن ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، ئاخىرى1900 - يىلىنىڭ بىرىنچى ئون يىلىدا قەشقەردە باش كونسۇلخانە ئېچىش ۋە باج تۆلىمەي سودا قىلىش، ئۆز پۇقرالىرىنى ئۆزلىرى سوتلاش قاتارلىق رۇسلار بىلەن ئوخشاش ئىمتىيازلارغا ئىگە بولدى.  رۇس ئىمپېرىيەسى تاكى 1901-يىلدىن تارتىپ، 1912-يىلغىچە بىر قانچە قېتىم ئىلى ، قەشقەرگە قوشۇن كىرگۈزۈش مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، كۆپ قېتىم چىڭ ئوردىسىغا تەھدىت سالدى. ھەتتا 1912-1916-يىللىرى ئارىسىدا قەشقەر ۋە غۇلجىدىكى كونسۇلخانىلىرى ئاز بولغاندا 200 ، كۆپ بولغاندا 500 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن تۇتقان ئىدى. باشتىكى مەنچىڭ، كېيىنكى خىتاي مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلار دىيارىدا مەيلى رۇسلارىبولسۇن ۋە ياكى ئىنگلىزلارىبولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ،بولۇپمۇ بەكرەك رۇس ھاكىمىيتىنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك سىياستى يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى.

مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، 1912-يىلى خىتاي ( خەن) مىللەتچىلىرى ۋە مىلىتارىستلىرى ھاكىمىيەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشىدىن ۋە 1917-يىلىدىكى رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تاكى 1949-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار رايونى نامدا خىتايغا تەۋە دەپ قارالسىمۇ، ئەمما خىتاي مەركىزى ھاكىمىيتى بۇ يەردە ئەمەلىي ۋە تولۇق ھۆكۈمرانلىق ئورنىتالمىغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي قاتارلىق مىلىتارىستلار چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ھۆكۈمەتلىرىگە بۇ رايوننى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ھەربىي-سىياسىي، سودا-ئىقتىسادى ۋ مەدەنىيەت تەسىر ئورىتىسى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئىمكانىيتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارغا بىر تەرەپتىن يالۋۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن يۆلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرىنى ساقلىغان ئىدى. بۇ ئۆلكىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلىرىنىڭ سابىق رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىلىنىشى شۇنىڭدەك رايوننىڭ جەنۇبى قىسمىنىڭ يەنە بېرتانىيە ئىمپېرىيەسى مۇستەملىكىسى ۋە تەسىر دائىرىسى ئاستىدىكى « چوڭ ئويۇن» توقۇنۇشلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە پامىر رايونلىرى بىلەن تۇتىشىشى ھەمدە 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مەزكۇر رايونغا يەنە ئوسمانلى ۋە تۈركىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭمۇ ھەر خىل دەرىجىدە ئۆز دىپلوماتىيە ۋە سىياسىي تەسىرىنى تىكلەشكە ئىنتىلىشى جەريانىدا مەزكۇر رايون كۆپ خىل ئىستراتېگىيەلىك شاھمات تاختىسى بولغان ھەم بۇ رايوندىكى ئاساسىي خەلق- ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا مەزكۇر ئىستراتېگىيەلىك شاھمات تاختىسىدىكى پېچكىلىق رولىنى ئىجرا قىلغان ئىدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مەزكۇر پېچكىدىن ئەڭ ئۇنۇملۇك پايدىلانغۇچىلار رۇسلار بولۇپ، رۇسلار يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان خەلقئارا كۈچلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا ھويلىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۆز تەسىر كۈچىنى تىكلىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق ئۈچۈن ھەر قانداق مېتودتىن ، ھەتتا رايونغا بىر قانچە قېتىم ھەربىي قوشۇن كىرگۈزۈش، ئۆزلىرىگە زۆرۈر ئېھتىياج بولسا ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنى قوللاش، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش ،ئەمما ئاستىرتتىن خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى قۇربان قىلىشتەك ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىن يانمىدى. ۋەھالەنكى، 20-ئەسىردىكى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت شارائىتلىرىدا ئۇيغۇرلار ئىككى قېتىم

ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەنە شۇ شاھمات تاختىسى ئۈستىدە مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن،دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانلىرىدىكى رۇس-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىۋاستە قۇربانىغا ئايلانغان ئىدى.

20 -ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى بۇ رايوننىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مەيلى مانجۇ -چىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولسۇن ۋە ياكى كېيىنكى خىتاي مىلىتارىستىلىرى ۋە ياكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاجىز كۈچ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار رايون تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئەتراپقا تەسىر كۆرسىتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ رايوننىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش قۇدرىتىگە ئىگە ھەقىقىي قۇدرەتلىك كۈچلەر رۇسىيە -سوۋېت ئىمپېرىيەلىرى، بۈيۈك بېرىتانىيە، قىسمەن ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ھېسابلانغان بولۇپ، كېيىنرەك بولسا، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىمۇ بۇ قاتارغا كىرگەن شۇنىڭدەك ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى قايتا بەلگىلەشتە مەزكۇر رايوندا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە بۈيۈك بېرىتانىيەدىن ئىبارەت دۇنياۋى ئۈچ چوڭ كۈچ رىقابەتلەشتى. مەزكۇر رايوندا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سەھنىدىن قېلىش ۋە سەھنىگە چىقىشى مەزكۇر قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ رىقابىتىگە باغلىق بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر رايوندىكى سىياسىي تەرتىپلەرنى بەلگىلەشتە تاكى 1950-يىللارغىچە ئۈستۈنلۈك قازاندى.

## توقۇنۇشلار سىرلىرىنىڭ ئېچىلىشى

ئەلۋەتتە، شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تارتىپ، تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەشقەرىيە رۇس ۋە ياۋروپا كلاسسىك شەرقشۇناسلىرى، ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، جۈملىدىن «چوڭ ئويۇن»دىكى ھەربىي-رازۋېتچىكلار ، يەنى « جاسۇسلار» نىڭ ئەڭ قىزىققان رايون ئىدى.

19-ۋە 20-ئەسىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، شەرقشۇناسلىرى ۋە ئىستىخباراتچىلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر بوستانلىقلىرىدا قالدى. 19-ئەسىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر رۇس ھەربىي جاسۇسلىرى، يەنى ھەربىي ئىستىخبارات خادىملىرىدىن —رۇسىيە ئارمىيەسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قازاق ئوفىتسېرى، پراپۇرشىك، 1859-1860-يىللىرى قەشقەردە تۇرغان چوقان ۋەلىخانوۋ (1835-1865)، رۇسىيە ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئوفىتسېرى، پودپولكوۋنىك، كېيىنرەك گېنېرال لېيتېنانت ۋە رۇسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، قەشقەرىيەنى زىيارەت قىلىپ، ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇچراشقان ئالېكسى كۇروپاتكىن (1848-1925)، رۇسىيە ئارمىيەسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي ئىستىخبارات خادىمى، گېنېرال مايور، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە ۋە لوپنۇر كۆلى رايونى ھەم تىبەتلەردە ھەربىي-سىياسى، جوغراپىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بولغان ھەم ياقۇپ بەگ بىلەن ئۇچراشقان نىكولاي پرژېۋالسكى (1839-1888)،دەسلەپكى باش شتاب كاپىتانى، كېيىنكى ئاتلىق ئەسكەرلەر گېنېرالى ۋە رۇسىيە ئارمىيەسى ھەربىي كېڭەش ئەزاسى، ياقۇپ بەگ ۋە ئىلى سۇلتانى ئەلاخاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە بارغان ھەم « قەشقەر-رۇس سودا كېلىشىمى»نى ئىشقا ئاشۇرغان ئالېكساندىر كائۇلبارس (1844-1929)، رۇسىيە ئارمىيەسى باش شتاب خادىمى، گېنېرال لېيتېنانت ، رۇسىيە ھەربىي ئىستىخبارات ۋە ئىستراتېگىيەچىسى، 1880-يىللارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ۋە پامىردا تەكشۈرۈشتە بولغان برونىسلاۋ گرومبچېۋسكىي (1855-1926)، رۇسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دىپلوماتى، ئىستىخباراتچىسى ۋە

شەرقشۇناسى ھەمدە رۇسىيەنىڭ قەشقەردە 20 يىل تۇرغان باش كونسۇلى نىكولاي پېتروۋسكىي (1837ـ1908)، رۇسىيە ئارمىيەسى تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ ھەربىي ئىستىخباراتچىسى، دەسلەپكى كاپىتان، كېيىنكى گېنېرال لېيتېنانت ۋە رۇسىيە ئارمىيەسى پىيادە قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى شۇنىڭدەك 1898ـ1899ـيىللىرى قەشقەردە بولۇپ، مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان لاۋر كورنىلوۋ (1870ـ1918) ، رۇسىيە ئارمىيەسى باش شتابى ئوفىتسېرى، گېنېرال مايور ، قەشقەرىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مىخايىل پېۋسوۋ (1843ـ1902) ، مەخسۇس ئىلى دىيارىدا پائالىيەت قىلغان ۋە ، ئۇيغۇرلار دىيارى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ماتېرىيال توپلاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ، تارىخى ۋە مەدەنىيەتلىرى تەتقىقاتىدا ئىزدەنگەن ئۇيغۇرشۇناس ئالىملاردىن نىكولاي پانتۇسوۋ (1849ـ1909)، ۋاسىلىي رادلوۋ (1837ـ1918)، سېرگېي مالوۋ (1880ـ1957) ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ تارىخى-سىياسىي ۋەزىيىتى،جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، مىللەتلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ، تارىخى ۋە تىل ئەھۋاللىرى باشقا كۆپلىگەن ئەھۋاللارغا ئائىت ناھايىتى مول مەلۇماتلار ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان رۇس ھەربىي-سىياسىي ۋە ئىستىخبارات خادىملىرى ھەم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارى ھەققىدە نەشر قىلدۇرغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى دۇنيا شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارى ھەققىدىكى قىزىقىشلىرى ھەم چۈشەنچىلىرىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئومۇمەن، دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئەڭ دەسلەپكى « ئۇيغۇر تارىخى»،ئەڭ دەسلەپكى « شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ئومۇمىي مەلۇمات»، ئەڭ دەسلەپكى « شەرقىي تۈركىستان» ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خىتاي مەنبەلىرىنىڭ باشقا تىللارغا تولۇق تەرجىمىسى رۇسلار تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ « ئالتىشەھەر ياكى خىتاي ئۆلكىسى نەنلۇدىكى( كىچىك بۇخارادىكى) 6 شەرق شەھىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە( 1858ـ1859)» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى، ۋ.گرىگورىيېۋنىڭ « شەرقىي ياكى خىتاي تۈركىستانى»(1873ـيىلى)، ئا.كۇروپاتكىننىڭ « قەشقەرىيە»( 1878ـيىلى)، د.پوزدنېيېۋنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر تارىخى ئەسىرى، يەنى « ئۇيغۇر تارىخى ئوچېرىكلىرى.خىتاي مەنبەسى بويىچە»(1899ـيىلى)، لاۋر كورنىلوۋنىڭ « قەشقەرىيە ياكى شەرقىي تۈركىستان ( 1901ـيىلى) ۋە پرژېۋالسكى ھەم باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.

رۇسلاردىن باشقا يەنە بۇ رايونغا ئىلگىرى-كېيىن ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، ئىستىخباراتچىلىرى ، ساياھەتچىلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرىمۇ بېسىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا بېرىتانىيە دىپلوماتىيە، ھەربىي- سىياسىي ۋەزىيەت ھەم رايون ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى خادىملىرىدىن، ياقۇب بەگ رەھبەرلىكىدىكى يەتتەشەھەر دۆلىتى بىلەن ئالاقە ئورناتقان روبېرت شاۋ (1839ـ1879)، دىپلومات توماس دوئۇگلاس فورسايت (1827ـ1886)، ھەربىي ئىستىخباراتچى ۋە ئېكسپېدىتسىيەچى ، بېرىتانىيە ئارمىيەسى پودپولكوۋنىكى فرانسىس ياڭخاسباند (1863ـ1942)، دىپلومات ۋە بېرىتانىيەنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى باش كونسۇلى گېئورگى ماكارتنېي ( 1867ـ1945)، ئاتاقلىق ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچى ئاۋرېل ستېيىن (1862ـ1943)، شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىن (1865ـ1952)، گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەردىن ئالبېرت گرۈنۋېدېل (1865ـ1935) ۋە ئالبېرت فون لېكوك (1860ـ1930)ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيەچى، ئالىم، رازۋېدچىك ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئەسەرلىرى 19ـۋە 20ـئەسىر كىشىلىرىنى بۇ سىرلىق زېمىن ھەققىدە ئاجايىپ سىرلىق ۋە خىيالىي تەپەككۇرلەرگە ئىگە قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ، جۈملىدىن رايوندىكى ئاساسلىق ئاھالە ـئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت مەنپەئەتلىرىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى شۇنىڭدەك چېگرانىڭ ئىككى تەرىپى ئاھالىسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، دىن، تىل ،ئېتنوگرافىيەلىك ۋە سودا ـئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى زىچ باغلىنىشلىق ئالاھىدىلىكلىرى تەبئىيكى ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەشقەرىيە ھەم جۇڭغارىيە ھەققىدە خېلى كۆپ ھەر خىل ژانىرلاردىكى، ئەڭ مۇھىمى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يول ئاچقان ئىدى. قىسقىسى، ئىلگىرىكى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلار تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبئىي جۇغراپىيەسى ھەم باشقا تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئائىت ماتېرىيال توپلاش، تەتقىقات قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

1960ـ1980ـيىللاردىكى سوۋېت ـختاي رەقىبلىك دەۋرىدىن تاكى 1990ـيىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە مەبلەغ سېلىشى ئاستىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا يۇقىرى دەرىجىدە جانلىنىش ھەم راۋاجلىنىش مەنزىرىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ مەزگىللەدە ھەتتا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرلار دىيارى تارىخى مەسىلىلىرى تەتقىقاتى سوۋېت ـختاي ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇشلىرىدىن ئورۇن ئالدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ۋە قوراللىق چېگرا توقۇنۇشلىرى كۈنسايىن كۈچەيگەن 1962ـ1970ـيىللىرى ئارىسىدا ماۋ زېدوڭ ۋەكىللىكىدىكى ختاي كوممۇنىستلىرى «چار رۇسىيەنىڭ بىر يېرىم مىليون كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى تارتىۋالغانلىقى» نەزەرىيىسى كەڭ تەرغىب قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى «تاجاۋۇزچىلىق»، «زومىگەرلىك»، « سوتسىيال جاھانگىرلىك»، ۋە «رېۋىزىئونىزم» بىلەن ئەيىبلەش ئەۋجى ئالغاندا، باشتا سوۋېت رەھبىرى نىكىتا خرۇشېۋ، 1964ـيىلدىن كېيىن لېئونىد برېژنېۋ باشچىلىقىدىكى سوۋېت كومپارتىيەسى سىياسىي بىيوروسى بىر قانچە قېتىم مەخپىي قارار قوبۇل قىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ، موڭغۇلىيە، تىبەت» قاتارلىق جايلارنىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكى ۋە 18ـ19ـ ئەسىرلەردىكى ختاينىڭ چېگرالىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى يورۇتۇشنى، جۈملىدىن مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭغارىيەنى بېسىۋالغان» ۋە مانجۇـختايلارنىڭ يەرلىك ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرگە قارىتا « باستۇرۇش»، «تالان ـتاراج قىلىش» ھەم «مۇستەملىكىچىلىك سىياسەت »يۈرگۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئەمەلىيەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. مەسىلەن، 1964ـيىلى، 8ـئىيۇن كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سوۋېت ـختاي چېگرالىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى يورۇتۇش ھەققىدە مەخپىي قارار چىقارغان بولۇپ، مەزكۇر قاراردا: «يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان ئالىي ،مەكتەپلەرنىڭ تارىخى دەرسلىك كىتابلىرى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيال ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر ھەم تارىخى خەرىتىلەردە سوۋېت ـختاي ئارىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىنىڭ بېكىتىلىش مەسىلىسىدە ناتوغرا بايانلار مەۋجۇت، 17ـئەسىردىن 20ـئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىمزالانغان نېرچىن شەرتنامىسى، ئۇيغۇن شەرتنامىسى، تيەنجىن شەرتنامىسى، بېيجىڭ شەرتنامىسى ۋە باشقا شەرتنامىلەر ھەم كېلىشىملەرگە ناتوغرا باھا بېرىلگەن، تارىخى جۇغراپىيە خەرىتىلىرى، دەرسلىك كىتابلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردە ئەزەلدىن ختايغا تەۋە بولمىغان زېمىنلار ختاي ئىمپېرىيەسى خەرىتىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان. بىر قىسىم سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ختاي مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە بولغان تەسىرلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىلگەن ۋە يىراق شەرق ، سىبىرىيە ھەم

ئۇتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئىلگىرى خىتايلارنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىمۇ ئىپتىشقان»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. نىكىتا خرۇشېۋ رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى بۇ قارار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىكى سوۋېت-خىتاي دوستلۇق دەۋرىدە تۈزۈلگەن دەرسلىكلىرى ۋە بەزى تارىخى كىتابلىرىدىكى خاتالىقلارنى ئۆزگەرتىشنىلا ئەمەس، بەلكى تارىخى مەسىلەرنى يېڭىدىن يورۇتۇشنى بەلگىلىگەن.

1969-يىلى، 3-ئايدا سوۋېت-خىتاي قوشۇنلىرى دامانسكي ئارىلىنى تالىشىپ،بىر مەيدان ئېلىشقاندىن ۋە شۇ يىلى 8-ئايدا تارباغاتايدىكى جالاڭاشكۆل رايونىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىككى دۆلەت تولۇق ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەن بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرا ماجىرالىرى ئەۋجىگە يەتتى. مانا مۇنداق شارائىتتا 1969-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى ،لېئونىد برېژنېۋ رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى باش بولۇپ تەييارلىغان « سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارارى: سوۋېت-خىتاي چېگرالىرىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇش ھەققىدە » ناملىق بىر مەخپىي دوكلاتنى تەستىقلاپ ، مەخسۇس سوۋېت-خىتاي چېگرالىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك تارىخى مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىپ ، بۇ مەسىلىلەر بويىچە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىشنى قارار قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇردى.

مەزكۇر سەككىز ماددىلىق « سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ قارارى: سوۋېت-خىتاي چېگرالىرىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇش ھەققىدە »دەپ ئاتالغان مەخپىي ھۆججەتتە سوۋېت-خىتاي چېگرالىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە خىتاينىڭ، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانداق قىلىپ، 17-18-ئەسىردە ئۆز زېمىنلىرىنى كېڭەيتكەنلىكى، شۇنىڭدەك چار رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، سىبىرىيە ۋە باشقا رايونلارنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىش جەريانىغا قايتىدىن قاراپ چىقىپ، ئۇنى قايتىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە باشقا خىزمەتلەرنىڭ كونكرېت نىشانى ھەم ۋەزىپىلىرى كۆرسىتىلگەن. مەزكۇر قارارда« سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئاساسىي تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش تەدبىرى قوللىنىپ، رۇسىيەنىڭ سىبىرىيە ، يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان تارىخى ئىلغار رولىنى يورۇتۇش »[2] ،« سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسلىھەتلىشىپ ، بىرىم يىل ئىچىدە خىتاينىڭ 17-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە بولغان كېڭەيمىچىلىك سىياستى ۋە ئىشغال قىلىنغان زېمىنلار، ھەققىدە ئىلمى ئاممىباب ئوقۇشلۇق يېزىپ چىقىش»[3] دەپ بېكىتىلگەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 1962-يىلىدىكى ئىلى-چۆچەك ۋەقەسى ۋە 1969-يىلىدىكى دامانسكي ( جېنباۋداۋ) توقۇنۇشىدىن كېيىن قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرگە يەرلەشكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى شۇنىڭدەك 1944-1949-يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان بىر قىسىم رەھبىرى شەخسلەرنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قاتار سىياسىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ئىلگىرى توختىتىۋېتىلگەن تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «

[1] .ЦХСД. Ф. 4.Оп. 17. Д. 579. Л. 4 ( ھازىرقى زامان ھوججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى).

[2] .ЦХСД. Ф. 4.Оп. 17. Д. 579. Л. 4 ( رۇسىيەھازىرقى زامان ھوججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى).

[3] .ЦХСД. Ф. 4.Оп. 19, Д. 555, Л.2-3,23-27 ( ھازىرقى زامان ھوججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى).

يېڭى هايات » ، « بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتلىرىنى نەشر قىلدى ھەم سلاۋيان يېزىقىدىكى « كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قارمىقىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى، كېيىنچىرەك ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قۇرۇپ، ئۇيغۇر ئالىملىرىنى تەشكىللىدى، يازغۇچى زىيا سەمەدىنى قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ قارمىقىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسىگە جەلپ قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا يەنە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ۋە نەشرىياتلار قارمىقىدا ئۇيغۇر بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستاندا بولسا مەخسۇس ئۇيغۇر دراما، ناخشا-ئۇسۇل تىياتىرلىرى قايتىدىن جانلاندۇرۇلدى ھەم يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. ھەتتا ، نىكىتا خرۇشېۋ 1962-1964-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن ئىسمائىل يۈسۈپوفنى قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەپ، تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئۇيغۇرلاردىن بولدى.

بۇ ۋاقىتلاردا خىتايمۇ ئوخشاشلا چار رۇسىيەنىڭ «جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش»، « تالان-تاراج قىلىش» تارىخىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، 1970 -يىللاردىن باشلاپ، « چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى» ناملىق تۆت توملۇق كىتاب ۋە « چار رۇسىيەنىڭ غەربىي شىمالغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»، « چار رۇسىيەنىڭ شەرقىي شىمالغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى»،« شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەندەك ئايرىم كىتابلار ئارقىمۇ-ئارقىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى.

بۇ ئەسەرلەردە چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئامۇر دەرياسىنىڭ شىمالدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم پامىر رايونىدىن بولۇپ، جەمئىي بىر يېرىم مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى تارتىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ «شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىمالغا ئۇزۇن يىللار تاجاۋۇز قىلىپ، تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق جۇڭگونى سودا-ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن تالان-تاراج قىلغانلىقى»نى بايان قىلىش بىلەن بىرگە «چار رۇسىيە جۇڭگو زېمىننى ئەڭ كۆپ ئىگىلىۋالغان ئەڭ ئەشەددىي تاجاۋۇزچى» دېگەن ئىدىيە ئاساسىي نۇقتا قىلىنغان ئىدى.

1970-1980-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى رۇس، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ، بۇريات ۋە باشقا مىللەت تارىخچىلىرى خىتاينىڭ ئىشغالىيەت تارىخى، چېگرا رايونلىرى تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋەت تارىخلىرى قاتارلىق كەڭ تېمىلار بويىچە كەڭ تەتقىق قىلىشقا كىرىپ زور ساندىكى كىتابلار ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئەنە شۇ قاتاردا ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى» ۋە چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتا بېسىۋېلىشى مەسىلىلىرى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەبىت ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھەربىي-سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سىياسەتلىرى ھەم «ئىلى كرىزىسى» تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئايرىم ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى بىر قاتار كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرىنى نەشر قىلدى(2) .بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا مۇستەقىل قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان، شانلىق مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنىيەت ياراتقان تۈركىي مىللەت ئىكەنلىكىمۇ كۆپ تەرەپلەردىن يورۇتۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن ئىدى(3) . دەل ئەنە شۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك توقۇنۇش ۋە رەقىبلىك دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى موسكۋادىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ باش بولۇشى ئاستىدا لېنىنگراد ئالىملىرى ، قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى ئالىملىرىنى تەشكىللەپ، مەخسۇس« شەرقىي تۈركىستان قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە» ماۋزۇسىدا تۆت توملۇق زور كۆلەمدىكى كوللېكتىپ تەتقىقات لايىھەسىنى تەييارلاپ، نەشر

قىلىشقا كىرىشىپ، ئەسەرنىڭ تارىخ، مىللەت، قەدىمكى يېزىقلار، يادىكارلىقلار ۋە دىنغا ئائىت ئىككى تومنى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىش ئالدىدا پۈتتۈرۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1988-يىلى ۋە 1992-يىلى نەشر قىلىپ تارقاتتى. قالغان ماددىي مەدەنىيەت، ئىگىلىك، سەنئەت، بىناكارلىققا ئائىت ئىككى تومى بولسا، 1995-يىلى ۋە 2000-يىلى نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى، مەدەنىيەت، سەنئەت مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت « شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى، « ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە باشقا بىر قانچە كوللېكتىپ ئاپتورلار ئەسەرلىرىمۇ تەييارلىنىپ تارقىتىلدى(4) . شۇنىڭدەك يەنە خىتاي مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارىغا ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللارمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ئايرىم كىتاب سۈپىتىدە نەشر قىلىندى

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مەزكۇر رايونغا قاراتقان ھەربىي-سىياسىي، بىخەتەرلىك، سودا-ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيەسى ھەمدە سوۋېت-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت مۇتلەق مەخپىي ئارخىپ ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەخپىيەتلىكىنىڭ بىكار قىلىنىشى نەتىجىسىدە ، بىر قىسىم رۇسىيە ۋە باشقا ئەللەر تارىخچىلىرى ھەر خىل ئارخىپ ھۆججەتلىرى ئاساسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20-ئەسىردىكى «شىنجاڭ »ياكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ، جۈملىدىن بۇ رايوندا تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا 75%تىنئارتۇق نوپۇس ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ، رايون سىياسىي تەقدىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۈچلۈك كۆرسىتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي قىسمەتلىرى، بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋە سودا-ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، بۇ رايوندىكى سوۋېت رۇسىيەسىدىن قېچىپ كەلگەن ئاق گۋاردىيەچى رۇس قاچاقلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى، بولشېۋىكلەرنىڭ پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلىرى پارتىيەسى(5) مەركىزى كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 1920- يىللىرى ئارىسىدا ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ «ئۇيغۇرىستان» غايىسىنى بەربات قىلىشى، لاتىش مىللىتىدىن كېلىپ چىققان كوممۇنىست يان رۇدزۇتاك ( 1887-1938) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم پۈتۈن رۇسىيە كوممۇنىستلىرى پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى تۈركىستان بيوروسى ( كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا بيوروسى) رەھبەرلىرى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ «شىنجاڭنى سوۋېتلەشتۈرۈش»، «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش» پىلان ۋە ئارزۇلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى شۇنىڭدەك 1933-1934-يىللىرى ۋە 1944-1949-يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ھەم شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمەتلىرىگە قاراتقان ھەربىي-سىياسى، سودا-ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ( ن ك ۋ د) ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى ( ن ك گ ب)، كېيىنكى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى ( ك گ ب) ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى مەخپىي ھەربىي-سىياسى پائالىيەتلىرى،ئوپېراتسىيەلىرى ھەم باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئائىت «قاراڭغۇ تەرەپلەر»نى يورۇتۇشقا كىرىشىپ، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىلگىرى ئېنىقسىز قالغان نۇقتىلارغا بولغان چۈشەنچىلەرنى چوڭقۇرلىتىش ھەم «سىرلار»نى ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى (6) . بۇ جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاق كومپارتىيەسى، دۆلەت ئىچكى ئىشلار ۋە بىخەتەرلىك كومىتېتى، قىزىل ئارمىيە، دىپلوماتىيە ،سودا ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا ئائىت « رۇسىيە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي تارىخ ئارخىپى»، « رۇسىيە دۆلەتلىك ھەربىي ئارخىپى»،« رۇسىيە فېدېراتسىيەسى تاشقى سىياسەت ئارخىپى»،« رۇسىيە يېقىنقى زامان ھۆججەتلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ساقلاش مەركىزى»،« رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى» قاتارلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت ئارخىپلىرىدىكى ئىلگىرىكى مەخپىي تۇتۇلغان بىر قىسىم ئارخىپلىرى ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ئارخىپلار ئايرىم-ئايرىم ۋە توپلام شەكلىدە رۇسىيە، ئامېرىكا ،

قازاقستان ۋە باشقا ئەللەردە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، مەزكۇر ئارخىپ ھۆججەتلىرى 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ سىياسىي قىسمەتلىرى ، ئىجتىمائىي-سودا-ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىكى ۋە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىرىنچى قول مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ.

## «غۇلجا يولى»- ھۆرلۈك ئۈچۈن تراگېدىيەدىن قېچىش يولى

ئەگەردە، 20-ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىنى كۆچلۈك رېژىسسورنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى تراگېدىيىلىك دىرامىغا ئوخشىتىش توغرا كەلسە، بۇ تراگېدىيەلىك قىسمەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى. بۇ نۇقتا 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى ۋە 40-يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تراگېدىيەلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر سىياسىي تراگېدىيەسى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە 1930- ۋە 1940-يىللاردىكى قىسمەت –تەقدىر ئۇنىڭ رېژىسسورى تەرىپىدىن 1921-يىلى بېكىتىلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تراگېدىيەلىرىگە باش ئەگمەسلىك بىلەن ئازادلىق غايىلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىك روھى زىچ بىرلەشكەن، يىقىلماس بىر گەۋدىگە ئايلانغان خەلق.

بۇ يىقىلماس روھ ئۇنىڭ كۆپ ئەسىرلىك شانلىق ۋە سەلتەنەتلىك ئۆتمۈش مۇساپىلىرىدىن كەلگەن ئىدى. شانلىق ئۆتمۈشى بولمىغان خەلقنىڭ سۇنماس روھى بولۇشى ناتايىن، مەھكۇملۇقنىڭ ۋە قۇللۇقنىڭ ۋاقتى سوزۇلسىمۇ شانلىق سەلتەنەتكە تەلپۈنىشتىن ئىبارەت يىقىلماس روھ بەربىر يوقالماستۇر. بۇ ئەمەلىيەت ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ، ئارقىدىن مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان 300 يىللىق كۈرەش تارىخى ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. دۇنيادا ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن 300 يىل تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان خەلقتىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار يېگانە بولسا كېرەك، 300 يىللىق ھۆرلۈك كۈرەش روھى بۈگۈنكى كۈنلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك تراگېدىيەسىگە سەۋەب بولدى. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ  300 يىل تەسلىم بولمىغان بۇ مىللەتنى بۈگۈن تەل-تۆكۈس تەسلىم قىلىمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەنلىكى  كۆرىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئالدىدا ئەزەلدىن ئىككى يول بولغان ئىدى. بىرى ئۆز رەقىبلىرىگە تەسلىم بولۇپ، ئۆز ئىرادىسى،ئۆز روھى، ئۆز  غايىسى ۋە ئۆز كىملىكىدىن ۋاز كېچىش، يەنە بىرى تەسلىم بولماي ئۆز غايىسىگە يېتىش ئىدى.تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق زور مۇۋەپپەقىيەتلەر  بۇ مىللەتنىڭ ئۆز غايىسىگە يېتەلەيدىغانلىقى ھەم بۇنىڭغا قابىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار دىيارى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە بۇ رايوندىكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىياسىي قىسمەتلىرىمۇ زىچ باغلانغان بولۇپ، ئېتنىك يىلتىز، مەدەنىيەت،دىن ۋە تىل جەھەتتىن مەنبەداشلىق، ئوخشاشلىق ۋە بىردەكلىككە ئىگە بولۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدىن ھۇن ئىمپېرىيەسىدىن باشلاپ، تاكى 17-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتاتۈرك قاغانلىقى ، ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، چاغاتايلار ، تۆمۈرىلەر، سەئىيدىيەلەر، قوقان خانلىقى ۋە باشقا چوڭ-كىچىك خاندانلىقلىرىنىڭ ئورتاق سىياسىي رامكىسى ئاستىدا بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھازىرقى ئۇيغۇرلار دىيارى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەركىزى ئاسىيا 18-ئەسىردىن ئېتىبارەن قەدەممۇ-قەدەم

رۇس ۋە مانجۇ ئىمپېرىيەلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلىپ، مەركىزى ئاسىيانىڭ ئىككى ئايرىم ۋە ئىككى خىل سىياسىي ھۆكۈمرانلىق گەۋدىسى ئاستىدا بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى.

ئەسلىدىن كۈچلۈك بولغان ۋە ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋاملاشقان مەركىزى ئاسىيانىڭ ئىككى پارچىسىدىكى خەلقلەرنىڭ چوڭقۇر ۋە كۆپ تەرەپلىملىك باغلىنىشى ئۇلارنىڭ 18-19-ئەسىرلەردە شەرق ۋە غەربتىن كەلگەن ئىمپېرىيەلەر ۋە ياكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى سىياسىي گەۋدىلەر ھۆكۈمرانلىرى-يەنى رۇس كوممۇنىستلىرى ۋە ياكى خەن مىللەتچىلىرى تەرىپىدىنمۇ توسۇپ قېلىنالمىدى. بۇ ئالاقىلەر ھەر خىل شەكىلدە يەنە داۋاملاشقان ئىدى.

رۇسىيە ئىمپېرىيەسىدىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ، تاتار قاتارلىق كۆپ نوپۇسلۇق تۈركىي خەلقلەر مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسى ۋە كېيىنكى خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق تۈركىي خەلق- ئۇيغۇرلار بىلەن ھەر جەھەتتىن تەقدىرداشتۇر. ئۇلار ئارىسىدىكى ئېتنو- مەدەنىيەت تۇغقانچىلىقى ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن زىچ باغلىغانىدى. 19-20-ئەسىر تارىخىدا چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە بىر-بىرى تەرەپكە دائىم كوللېكتىپ ھالدا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىش يوللىرىنى ئىزدىشى ئالدى بىلەن شۇ قېرىنداشلىقنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان ئىدى.

بۇ ئالاقىلەرنىڭ20-ئەسىردىكى باشلىنىشلىرى بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا ئەۋجى ئالغان، جۈملىدىن 1916-يىلىدىكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىگە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەركىزىي ئاسىيا جەدىدچىلىك ھەم مىللىي ئويغىنىش كۈرەشلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 1916-يىلىدىكى چار رۇسىيەگە قارشى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى مىڭلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىغا كېلىپ پاناھلىنىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى جەدىدچىلىك، مىللى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىدىيەلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنلىكى تەبىئىي.

مانا بۇ قېچىشلاردا ۋە ئالاقىلاردە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا «قەشقەر-پەرغانە يولى»، « قاراقول ئۈچتۇرپان بەدەل ئارت يولى» ، شىمالىي تەرەپلەردە بولسا ئىلى ۋادىسىدىكى ئاساسلىقى « غۇلجا يولى» دائىم ئۆز ئەھمىيىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

«غۇلجا يولى»ئاتالغۇسى ئالدى بىلەن رۇسلار تەرىدىن 1870-يىللاردىن ئېتىبارەن رەسمىي تۈردە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇپ،بۇ يولرۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلى ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرققە ۋە قوقان خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا كېڭىيىش، يەتتىسۇ رايوننى مەمۇرىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىش مەركىزى سۈپىتىدە قۇرۇلغان ۋېرنىي شەھىرىدىن ( ئالمۇتا) باشلىنىدۇ. رۇسىيە ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ ئەنە شۇ شەرققە كېڭىيىش ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتلىرىدىن چىقىش قىلىنىپ، ئالدى بىلەن ۋېرنىي ( ئالمۇتا) شەھىرى بىلەن چېلەك يېزىسى ئارىسىدا يول ياسالدى ھەم ئارقىدىن چونجا يېزىسى تۇتاشتۇرۇلدى ۋە ئاخىرىدا بۇ يول ياركەنتكە تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇدۇل غۇلجا شەھىرى بىلەن باغلاندى. ئەنە شۇ چاغلاردا ئالمۇتادىن چېلەك، چونجا ۋە ياركەنتكە بارىدىغان بۇ يول رۇسلاردىن تەرىپىدىن « كۇلژىنسكىي تراكت»(« غۇلجا يولى») دەپ ئاتالغان شۇنىڭدەك 20-ئەسىرنىڭ 30-80-يىللىرى ئارىسىدا بۇ يول ئۈزلۈكسىز ياسالغان، رېمونت قىلىنغان ، كېڭەيتىلگەن ۋە ئاسفالتلاشتۇرۇلغان ئىدى. مەزكۇر « غۇلجا يولى» ھەتتا 1960-1980-يىللاردىكى سوۋېت-خىتاي رەقىبلىك دەۋرىدە ھەربىي ئىستراتېگىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ قالسا، سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ تانكا-برونېۋىكلىرى، ھەربىي

ئاپتوموبىللىرى مانا شۇ يول بىلەن غۇلجىغا بېسىپ كىرەلەيتتى. « غۇلجا يولى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ناھىيەسىدىن باشلاپ، تاكى ياركەنتكىچە بولغان كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرى جايلاشقان جايلار چېگرا بىخەتەرلىك رايونى ھېسابلىنىپ، رۇخسەتنامىسىز كىرىش مۇمكىن بولمىغان ئىدى.

«غۇلجا يولى»نامىدىن ئىلگىرىلا ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان تارىخى يول ئىدى. يىپەك يولىنىڭ يەتتىسۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ۋە ئوتتۇرا سىبىرىيە رايونلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار دىيارى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق شەرقىي رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆگىنى ھېسابلانغان بۇ يول قەدىمكى ، دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋرو ـ ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن ھونلار، كۆك تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىدانلار ۋە موڭغۇللار، جۇڭغارلارنىڭمۇ ئۆز ئىمپېرىيەلىرىنى كېڭەيتىش يولىدا داۋاملىق غەربكە ۋە غەربىي شىمالى تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىشتىكى ئۆتكەل بولغان بولسا، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ داۋاملىق شەرققە كېڭىيىش يولى دائىرىسىگە كىرگەن ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن قازاق يايلاقلىرى ۋە يەتتىسۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن رۇس ئىمپېرىيەسى مانجۇلارنىڭ قولىدىكى ئىلى ۋادىسى ۋە پۈتۈن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋەشەرقىدىكى زېمىنلارنى داۋاملىق ئىگىلەش ئۈچۈن، مانجۇلارنىڭ ئەڭ غەربىي چېگرالىرىدىكى ئالدىنقى سېپى، يەنى ئۇنىڭ ھەربىي-سىياسىي ھۆكۈمرانلىق مەركىزى جايلاشان غۇلجا يولىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. رۇس ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلىرى ئۈچۈن « غۇلجا يولى» ئىشغالىيەت يولى، رۇس سودىگەرلىرى ئۈچۈن بولسا بېيىش، ئۆز ماللىرىنى سېتىپ پۇل تېپىش يولى ئىدى.

1851-يىلدىكى «غۇلجا شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى نەتىجىسىدە، « غۇلجا يولى» رۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ سودا-ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى ئاساس قىلغان سىياسىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يولى سۈپىتىدە يېڭىچە شەكىلدە ئاساس سېلىندى. رۇسلار بىلەن مانجۇلار ئارىسىدا ئىمزالانغان تۇنجى شەرتنامىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدىغان مەزكۇر « غۇلجا شەرتنامىسى» ئەمەلىيەتتە رۇسىيە ئىمپېرىيەسى بىلەن بۈيۈك بېرتانىيەنىڭ مەركىزى ئاسىيا رايونىدىكى رىقابىتىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە رۇسىيە خىتاينىڭ ئىشكىنى ئېچىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، رۇسلار مەزكۇر شەرتنامە ئارقىلىق مانجۇ ئىمپېرىيەسى كونتروللۇقىدىكى ئىلى، چۆچەك ۋە باشقا رايونلاردا ئەركىن باج تۆلىمەي سودا قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان ئىدى[4] . 1851-يىلدىكى مەزكۇر «غۇلجا شەرتنامىسى» رۇسلارنىڭ داۋاملىق پۈتۈن ھازىرقى قازاقىستان تۇپراقلىرى، يەنى، يەتتىسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا قول ئۇزارتىشى ئۈچۈن ئاساس بولغان ئىدى[5]. رۇسىيەنىڭ 19-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىشغالىيەت پىلانلىغۇچىسى، رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە ھەتتا قۇمۇلغىچە بولغان رايونلارنى ئىشغال قىلىش تەرەپدارى گېنېرال لېيىنانت ئىۋان فيودوروۋىچ بابكوۋ( 1827-1905) مەزكۇر شەرتنامىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: « غۇلجا شەرتنامىسى سودا جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ گورچاكوۋ تەرىپىدىن باشلىتىلغان ئوتتۇرا ئاسىياغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ھۇجۇم قىلىپ كىرىش تەشەببۇسلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ»[6] دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن،

---

[4] .10) . Rahul, Ram (1997). Central Asia: An Outline History Concept Publishing Company. p. 81.

[5] .Моисеев В. А. Россия и Китай в Центральной Азии (вторая половина XIX в. ـ 1917 г.).Барнаул. 2003. S.26

[6] .Бабков И.Ф. Воспоминания о моей службе в Западной Сибири, 1859ـ1875 гг

ئى.ف. بابكوۋ. 1859-1875-يىللىرى مېنىڭ غەربىي )

شۇنىڭدىن كېيىن رۇسلار قوقان خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، تاكى 1876-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاخىرى قوقان خانلىقىنى ئۆزۈل-كېسىل يوقىتىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەپ، خالىسانە بىۋاستە قەشقەرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگىلەش ۋەزىيىتى ياراتقان ئىدى.

ئومۇمەن، ئەنە شۇ «غۇلجا شەرتنامىسى»بىلەن باشلانغان سودا مۇنسىۋەتلىرىگە ئەگىشىپ، رۇسلارنىڭ لۇغىتىگە قەدەممۇ-قەدەم « غۇلجا يولى» ئاتالغۇسىنى كىرگۈزدى شۇنىڭدىن كېيىن رۇس سودىگەرلىرى ۋە رۇس ھەربىي جاسۇسلىرىنىڭ قەدەملىرى ،« غۇلجا يولى» ئارقىلىق ئىلى ۋادىسى ۋە باشقا كەڭ جايلارغا يېتىپ بېرىشقا باشلىغان ئىدى.«غۇلجا يولى» 1871-يىلى 6-ئايدا كىچىككىنە ۋە ئاجىز ئۇيغۇر ئىلى سۇلتانلىقى بىلەن قۇدرەتلىك ۋە بىپايان رۇسىيە ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرى ئارىسىدا بىر مەيدان ھايات-ماماتلىق ئۇرۇش يۈز بەرگەن يول بولۇپ، رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرققە كېڭىيىش قوماندانلىرىدىن بىرى، پۈتۈن يەتتىسۇ قاتارلىق يايلاق ۋادىلىرىنى بويسۇندۇرغۇچى قوماندان، گېنېرال گېراسىم كولپاكوۋسكىينىڭ (1819-1896) ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، غۇلجانى ئىشغال قىلىش ھەربىي ھەرىكىتىنى مانا شۇ « غۇلجا يولى» دا ئېلىپ بارغان، ئىككى مىڭغا يېقىنرۇس مۇنتىزىم ئاتلىق، پىيادە ۋە توپچى ئەسكەرلىرى ۋە كازاك ئاتلىق روتىلىرى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى قورال-ياراقلىرى ۋە يۇقىرى ھەربىي مەشىق كۆرگەن مۇنتىزىم ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ، مانا شۇ غۇلجا يولىدا داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلەپ، كەتمەن، قورغاس، سۈيدۈڭ، چىڭسخوزا قاتارلىق جايلاردا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللانغان، ھېچ بىر مۇنتىزىملىقى يوق ، ئەمما ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋە قورقماسلىق روھىغا تايانغان قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىنى تارمار قىلىپ، تەخمىنەن بىر ئايغا يېقىن ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە شىددەتلىك جەڭلەردىن كېيىن، ئەلاخان سۇلتاننىڭ خەلقنىڭ بىھۇدە قىرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەھەرنى ئۇرۇشسىز تاپشۇرۇشى نەتىجىسىدە، 1871-يىلى،22-ئىيۇن كۈنى،غۇلجا شەھرىنى ئىگىلىدى[7] ۋە كولپاكوۋسكىي 17-ئىيۇل كۈنى ئەلاخان سۇلتاننى ئەسىر سۈپىتىدە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىرگە ئالمۇتا شەھرىگە ئورۇنلاشتۇردى[8].

رۇسىيەئۇيغۇر، تۇڭگان، قازاق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ سانسىزلىغان قۇربانلىرى بەدىلىگە 6 يىل مەۋجۇت بولغان مۇستەقىل ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ زېمىننى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە 10 يىل ئىدارە قىلدى. ئاخىرىدا بولسا مانجۇ چىڭ ئىمپېرىيەسىنى 1881-يىلى «پېتېربۇرگ شەرتنامىسى»غا ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنى زور مىقداردا تۆلە تۆلىتىش ۋە سودا-ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرگە ئىگە بولۇش بەدىلىگە بۇ رايوننى مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. دېمەك، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مانا بۇ «غۇلجا يولى»1881-1883-يىللىرى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ئىلىنى مانجۇلارغا

---

(سىبىرىيىدىكى خىزمەتلىرىمگە ئائىت ئەسلىمىلەر). СПб., 1912. С. 133-134.

[7] . В.А. Моисеев, ”Россия и Китай в Центральной Азии(вторая половина XIX в. - 1917 гг.).Барнаул: АзБука, 2003,. С. 124. Дьяков А. Воспоминания Илийского сибинца о дунганско-таранчинском восстании в 1864-1871 годах в Илийском крае ( ئىلىلىق شىبەنىڭ 1864-1871-يىللىرىدىكى ئىلى ئۆلكىسىدىكى تۇڭگان- تارانچى قوزغىلىڭى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى). СПб., 1908.

[8] .Дьяков А. Воспоминания Илийского сибинца о дунганско-таранчинском восстании в 1864-1871 годах в Илийском крае ( ئىلىلىق شىبەنىڭ 1864-1871-يىللىرىدىكى ئىلى ئۆلكىسىدىكى تۇڭگان- تارانچى قوزغىلىڭى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى). СПб., 1908.С. 21-23

قايتۇرۇپ بەرگەندە 100 مىڭدىن ئارتۇق(7) ئۇيغۇر، تۇڭگان ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ قايتا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ ياشاشنى خالىماي ئۆز ئۆي ماكانلىرى، يايلاقلىرى، مال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ، مانجۇ-چىڭ ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن چار رۇسىيە ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى تاللاش سەپەر يولى بولغان ئىدى(8).

«قەشقەر-پەرغانە يولى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 1759-يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسى قوشۇنلىرى قەشقەرىيەگە بېسىپ كىرگەندە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى مانجۇ ئىمپېرىيەسى خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلۈش نەتىجىسىدە مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقىلارنىڭ قوشنا ئەللەرگە قېچىش يولى بولغان بولسا، مەزكۇر يولدا 1825-يىلدىن تاكى 1857-يىلىغىچە ئۇدا بىر قانچە قېتىم داۋاملاشقان قوزغىلاڭلار ھەر قېتىم باستۇرۇشقا ئۇچرىغاندا زور ساندىكى ئاھالىنىڭ توختاۋسىز تۈردە پەرغانە ۋادىسىغا ئامموۋى قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىشى داۋاملاشتى. شۇ ۋەجىدىن مەشھۇر قازاق تارىخچىسى، ئېتنوگرافى، 1859-يىلى قەشقەردە ماتېرىيال توپلىغان چوقان ۋەلىخانوف قوقان خانلىقى زېمىنلىرى بولغان پەرغانە ۋادىسىدا،بولۇپمۇ ئەنجان، شەھرىخان، ئوش ئەتراپلىرىدا1860-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا 350 مىڭ ئەتراپىدا قەشقەرلىق ۋە دولانلىقلار، يەنىئۇيغۇرلارنىڭ ياشايدىغانلىقىدىن مەلۇمات قالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشىچە،ئەنە شۇ ئۇيغۇرلار ئەسلى قەشقەرىيە تەرەپتىن ئۆتكەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ھەم كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. ئاخىرقى قېتىم 1877-يىلى زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگ رەھبەرلىكىدىكى يەتتىشەھەر دۆلىتىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ئالدىدا ۋە كېيىنرەك يەنە 26 مىڭ ئادەم[9]، يەنى ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار، پەرغانىلىقلار، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پەرغانە ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان ئىدى.

بۇ يوللارئوخشاشلا يەنەرۇس ۋە كېيىنكى سوۋېت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان ياكى ئۆز ھاياتى ۋە خۇسۇسىي بايلىقىنىقوغداشنى ئۈمىد قىلغان رۇس ۋە سوۋېت تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاھالىلارنىڭ قۇتۇلۇش يولى، يەنى « تراگېدىيەدىن قېچىش يولى» بولغان ئىدى.

تارىخ ساھەسىگە ئاشكارىكى، ئەنە شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ 1916-يىلدىكى ئازادلىق كۈرىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرى دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان تراگېدىيىلەردىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلغان رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى زور ساندىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەر ئەنە شۇ «غۇلجا يولى» سەپىرىگە ئاتلانغان ئىدى . بۇ يول زور ساندىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ۋە باشقىلار قوشنا ئىلى، جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىلىرىغا كوللېكتىپ قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىشى بىلەن باغلانغان بولسا، 1917-يىلدىكى ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تاكى 1920-يىللار ئارىلىقىدا «غۇلجا يولى» يەنە زور ساندىكى بولشېۋىكلار تۈزۈمىگە قارشى، مىللىي ئازادلىق ئىدىيىسىگە ئىگە ۋە ياكى ئىچكى ئۇرۇشتىن بىزار بولغان ھەم بولشېۋىكلەرنىڭ جازالىشى ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان تۈركىي ئاھالىلەر، ھەتتا زور ساندىكى بولشېۋىكلەر تۈزۈمىگە قارشى سلاۋيانلاردىن تەشكىل تاپقان ئاق گۋاردىيەچىلەر قوشۇنى ۋە مۇساپىر ئاھالىلەرنىڭ پاناھلىنىش يولى بولغان ئىدى. غۇلجا يولى يەنە داۋاملىق 1929-1933-يىللىرىدىكى

---

[9] .Кадников В.Из истории Кульджинского вопроса// Исторический вестник. № 6, 1911

( كادنىكوۋ ۋ. غۇلجا مەسىلىدىن )

قازاقىستان قاتارلىق سوۋېت زېمىنلىرىدا يۈز بەرگەن كۆلاق-بايلارغا زەربە بېرىش، كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئاچارچىلىق تراگېدىيەسىگە ئۇچرىغان مىڭلىغان قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، رۇس ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىغا قېچىپ كېلىپ ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش يولى، 1954ـ1962—يىللىرى ئارىسىدا جۇڭگودا ماۋ زېدوڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن تۈرلۈك سىياسىي كۆرەشلەر، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «كوممۇنالاشتۇرۇش»، « ئوڭچىلارغا زەربە بېرىش»،« يەرلىك مىللەتچىلىككە زەربە بېرىش» ۋە باشقا ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر تۇرمۇش بېسىمى ،سىياسىي بېسىم ھەم باشقا ئايىغى ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەردىن بىزار بولغان نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئىلى، چۆچەك ۋە باشقا جايلاردىن سوۋېت دۆلىتىگە كېتىش، ھەتتا كوللېكتىپ قېچىش يولى بولغان ئىدى. مەزكۇر يول سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى مەيدانغا كەلگەن 1990ـ1995-يىللىرى ئارىسىدا ئىككى تەرەپتىكى مىڭلىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مال توشۇپ سودا قىلىپ، بېيىش شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ قايتىدىن ئۆز ئەتراپىدىكى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىش، يىراق ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىگە سەپەر قىلىش يولى بولغان ئىدى.

## يېڭى قىسمەتلەرنىڭ  باشلىنىش نۇقتىسى- ئۆكتەبىر بورانلىرى

1917-يىلى،7-نويابىر كۈنى، يەنى كونا رۇس كالېندارى بويىچە 10-ئاينىڭ 25-كۈنى پېتېرگرادتا

يۈز بەرگەن «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان سىياسىي ئۆزگىرىش بولشېۋىكلەرنىڭ ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن دۇنيا ئىككى سىياسىي لاگېرغا، يەنى كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم لاگېرىغا ئايرىلىش سەھىپىسى ئېچىلدى. لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش بىلەن تەڭ كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى دۇنياغا، بولۇپمۇ شەرقتىكى ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا تارقىتىپ ۋە كېڭەيتىپ « ئىمپېرىئالىزمغا قارشى كۆرەش قىلىش » لوزۇنكىسى ئاستىدا شۇنىڭدەك بۇ كوممۇنىزم ئىدىيەسىگە ئاساسلانغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنى بېرىتانىيە ۋە باشقا ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى كۆرەش قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئاسىيا رايونىدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى تەسىرلىرىنى ئاجىزلىتىشقا تىرىشتى.

كوممۇنىزم ئىدىيىسى بولسا رۇسىيە ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمان رايونلىرىغىمۇ يېتىپ كېلىپ، بۇ رايونلاردا ياشايدىغان رۇسلار ۋە باشقىلارنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ قەدەممۇ-قەدەم يىلتىز تارتقۇزۇلۇپ، 1918ـ1920-يىللىرى ئارىسىدا قەدەممۇ-قەدەم يەرلىك كوممۇنىستلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇلار ھەتتا « مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى» دەپمۇ ئاتالغان ئىدى. 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، پېتېربۇرگدا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا مۇستەقىللىق ئىدىيەلىرىمۇ، جەدىدچىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ ئەۋجى ئالغان بولسىمۇ، بىراق تاشكەنتنى مەركەز قىلغان سابىق رۇسىيە تۈركىستان ئۆلكىسى تەۋەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تېزدىن تىكلەش ئىمكانىيىتى بولمىدى . تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىستلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش بىلەن يەرلىك خەلقلەرنى سىرتقا قالدۇردى. مەسىلەن، تاشكەنتتە تەسىس قىلىنغان سوۋېت ھاكىمىيىتى كۈچلۈك رۇس مىللەتچىلىككە تايانغان بولۇپ، ھەتتا

ھۆكۈمەتنىڭ 14 ئەزاسى ئىچىدە بىرمۇ يەرلىك مىللەت ۋەكىلى بولمىغان ئىدى[10]. شۇنىڭدەك بۇ ھۆكۈمەت باشلىقى فېيودور كولېسوۋ ئاشكارا ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھۆكۈمەتتىن ئورۇن ئېلىش سالاھىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتقان ئىدى[11]. ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇستافا چوقاي باشچىلىقىدا قوقان شەھرىدە يەرلىك تۈركىي خەلقلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، تاشكەنتتىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن 1918-يىلى، مارت ئېيىدا تاشكەنتتىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى موسكۋادىن ئەۋەتىلگەن قىزىل ئارمىيە كۈچلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قوقان شەھرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قىرغىنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق سېلىش ئارقىلىق تۈركىستان مۇختارىيىتىنى تارمار قىلدى[12].ئارقىدىنلا 1918-يىلى 30-ئاپرېل كۈنى تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ يادرولۇقىدىكى تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىندى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقىتىشى قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللار قاتتىق قارشىلىقلارغا ، يەنى پەرغانە ۋادىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىغا دۇچ كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، موسكۋادىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، 1918-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1919-يىلىدىن باشلاپ، تاشكەنتتىكى ۋە باشقا رايونلاردىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرىغا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىمۇ قاتناشتۇرۇش ۋە يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش سىياستى بەلگىلىنىش نەتىجىسىدە، قەدەممۇ-قەدەم يەرلىك خەلقلەردىن كوممۇنىستلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇخارا ، خىۋە ، تاشكەنت، ۋېرنىي (ئالمۇتا) پەرغانە ۋادىلىرى ۋە يەتتىسۇ رايونىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كومپارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما بولشېۋىكلارغا بولغان قارشىلىق پۈتۈن رۇسىيە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، كاسپىي دېڭىزى ئەتراپى، يەتتىسۇ، سىبىرىيە، يىراق شەرق مىقياسىدا ئەۋجى ئالغان بولۇپ، 1918-1921-يىللىرى ئارىسىدىكى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان شىددەتلىك گراژدانلار ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئاخىرى سوۋېتلار غالىپ چىقىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى،جۈملىدىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتىسۇ رايونىدىمۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى. بۇ رايونلاردىكى بولشېۋىكلارغا قارشى رۇسلارنىڭ ئاقلار ھەرىكىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئىستىقلالىيەت ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسى باستۇرۇلدى.

### «ئاتۇ پاجىئەسى» -كوممۇنىستلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئېغىر قىرغىنچىلىقى

بولشېۋىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش جەريانىدىكى ئەڭ قانلىق باستۇرۇشلىرىنىڭ بىرى يەتتىسۇدىكى بولشېۋىكلارغا قارشى كۆرەشتە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بولغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن تاشكەنتتىكى تۈركىستان

---

[10] .(16) .История Алаш и Алаш-Орды (ئالاش ئوردىنىڭ تارىخى). http://bankreferatov.kz/history/280-alash-i-alash-orda.html.

Кабиров М. Н. «Очерки истории уйгуров Советского Казахстана» ( م.ن.كەبىروف. سوۋېت قازاقىستانى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ئوچېرىكلىرى).Алма-Ата, 1975, с. 149-150.

[11] .Мустафа Чокой-Оглы ”Туркестан под властью советов“ ( “ تۈركىستان سوۋېت ھاكىمىيىتى ئاستىدا".مۇستافا چوقاي ئوغلى) Алма-Ата ”Айкап“ 1993

[12] .Q.Usmanov , M.Sodiqov. Ozbekiston Tarixi (1917-1991). Toshkent. 2010. 26-bet.

سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېگور مۇرايېۋ قوماندانلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى ئەۋەتىپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلغانلىقىدىن ئىبارەت قانلىق « ئېتىنىك تازىلاش» ۋەقەسىدۇر.

بۇ، يېقىنقى 20 يىللار ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «ئاتۇ پاجىئەسى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر قانلىق ۋەقە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە، سوۋېت ھۆكۈمەت تارىخ ساھەسى مەزكۇر ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ۋە سادىر قىلغۇچىلىرىنى كۆرسەتمەستىن، ئۇنى ئاق گۋاردىيەچىلەرگە دۆڭگەپ، ئاق گۋاردىيەچىلەرنىڭ يەتتىسۇ ۋە باشقا جايلاردا ئەمگەكچى خەلققە قارشى ئېلىپ بارغان «جىنايەتلىرى» سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتى خەلقتىن 70 يىل سىر تۇتۇلغان ئىدى. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بولشېۋىكلار پارتىيەسى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ 1918-يىلى ماي-ئىيۇن ئايلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئاممىۋى « قىرغىنچىلىقى»، 1918-يىلى، 3-ئايدا، مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدە قوقاننى مەركەز قىلغان مۇستەقىل «تۈركىستان مۇختارىيىتى» يوقىتىش جەريانىدا قوقاندا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلار ۋە 1920-يىلى، بۇخارا ئەمىرلىكىنى يوقىتىش جەريانىدا، بۇخارادا سادىر قىلغان دەھشەتلىك بۇزغۇنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقلىرى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگىچە سىر تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە « باسمىچىلار» ۋە « ئاقلارنىڭ» «قىرغىنچىلىقلىرى» كۈچەپ تەشۋىق قىلىنغان ئىدى.

گەرچە، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلگەن « ئاتۇ قىرغىنچىلىقى» 1970-يىللاردىكى سوۋېت تارىخى تەشۋىقاتچىلىقىنىڭ « نادىر» ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان، ستالىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1934-1937-يىللىرى ئارىسىدا «مەنسۇر ئەپەندى »نامىدا ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتىلگەن، 1944-1946-يىللىرى ئارىسىدا « ئابدۇللا رامزانوف» نامىدا چۆچەك رايونىدا ھەرىكەت قىلدۇرۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى سۈپىتىدە تاكى 1946-يىلى، 6-ئايغىچە خىزمەت قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتقان، 1946-1950-يىللىرى « ۋەتەن ئوغلى» نامى بىلەن ئالمۇتادا مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۇيغۇرچە « قازاق ئېلى» ژۇرنىلىدا خىزمەت قىلغان مەشۇر روزىيېۋنىڭ «يېڭىلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» ناملىق كىتابىدا ئازراق بايان قىلىنغان بولسىمۇ ، بىراق بۇ كىتابتا مەزكۇر تراگېدىيەنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلىرىنىڭ كوممۇنىستلار ئىكەنلىكى يوشۇرۇلۇپ، « قىزىل ئارمىيە سېپىگە كىرىۋالغان يات ئۇنسۇرلار»، « قىزىل ئارمىيە قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئەكسىيەتچىل بايلار قالدۇقلىرى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىنى بۇزۇش ئۈچۈن » سادىر قىلغانلىقى كۆرسىتىلگەن[13].

ھەتتا بۇ ۋەقەدىن تولۇق خەۋەردار ھەم بۇ ھەقتە كۆپ ماتېرىيال توپلىغان تارىخشۇناس مالىك كەبىروفمۇ ئۆزىنىڭ « سوۋېت قازاقىستانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئوچېركلىرى» ناملىق ئىلمى ئەسرىدە ئوخشاشلا مەزكۇر ۋەقەنىڭ « مۇرايېۋنىڭ قىزىل ئارمىيە ئەترىتى تەركىبىگە كىرىۋالغان يات ئۇنسۇرلار» نىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ئىدى[14].

ھەتتا يەتتىسۇدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان، دەسلەپكى سوۋېت ئۇيغۇر رەھبەرلىرىدىن بىرى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان شۇنىڭدەك مەزكۇر قىرغىنچىلىقتىن خەۋەردار

---

13 .Рузиев М. «Возрожденный уйгурский народ» (م .رۇزىيېف. يېڭىلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى.). Алма-Ата, 1982, с. 127-128

14 .(20)Кабиров М. Н. «Очерки истории уйгуров Советского Казахстана» (م.ن.كەبىروف. سوۋېت قازاقىستانى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ئوچېركلىرى).bАлма-Ата, 1975, с. 149-150.

شەخس ئابدۇللا روزىباقىيېفمۇ 1920-يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، 1920-يىللاردا مەزكۇر ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈش ۋە قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەخسۇس كومىسسىيە قۇرۇلۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف بۇ كومىسسىيە تەركىبىگە كىرگەن ئىدى.ئۇ ئۆزىنىڭ 1926-يىلى ئېلان قىلغان غۇلجىغا قېچىپ كەتكەن ئاھالىلەرنىڭ قايتىپ كېلىش مەسىلىسىگە ئائىت ماقالىسىدە 1920-يىلىدىن باشلاپ، 15 مىڭ ئادەمنىڭ غۇلجىدىن قايتىپ كېلىشكە باشلىغانلىقى ،ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 1922-1925-يىللىرى ئارىسىدا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، يەنە ئون مىڭ ئادەمنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بىراق، ئابدۇللا روزىباقىيېفمۇ ئۇلارنىڭ قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىلنىڭ قىزىل ئارمىيەنىڭ قىرغىنچىلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتماستىن،ئۇلارنىڭ پەقەت « ئۆلۈشتىن قورقۇپ، خىتايغا قېچىشقا مەجبۇر بولغانلىقى»نىلا ئەسكەرتىدۇ[15] .

بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاغزى 1920-1990-يىللارغىچە بولغان پۈتۈن سوۋېت دەۋرىدە مەھكەم تۇۋاقلانغان بولۇپ، مەشۇر روزىيېفمۇ دەل ئەنە شۇ ئاغزى تۇۋاقلانغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى ئىدى . مەشۇر روزىيېف ئەمەلىيەتتە « ئاتۇ پاجىئەسى» يۈز بەرگەندە 18 ياشلاردىكى يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى چوڭ بولغان يەتتىسۇدا يۈز بەرگەن بۇ قىرغىنچىلىقنى كىملەرنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . ۋەھالەنكى، ئۇ بىر ئۆمۈر ھەقىقەتنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرگە باھا بېرىلگەندە، «ئاتۇ پاجىئەسى»نىڭ ئاقلار ئەمەس، بەلكى قىزىل گۋاردىيەچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى . « ئاتۇ» پاجىئەسى ھەققىدە رۇس تىلىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ماقالە ئېلان قىلغان تونۇلغان يازغۇچى ئىسمايىلجان ئىمىنوف ئۆز ماقالىسىنىڭ كىرىش قىسمىدابۇ ھەقتە توختىلىپ : « روشەنكى، 1918-يىلى ماي-ئىيۇن ئېيىدا يەتتىسۇدا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق تراگېدىيە ھەققىدە ئىلگىرى كۆپچىلىك ئاڭلىغان، بىراق مەزكۇر قانلىق درامىنىڭ ئەسلى ھەقىقىتىنى پەقەت قازاقىستان ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا بىلدۇق، بۇ تراگېدىيەنىڭ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى خاتىرىلەنگەن ئارخىپلار ئېچىلدى »[16] دەپ يازىدۇ.

ھەقىقەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىپ، قازاقىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىدىن كېيىنلا 70 يىل سىر ساقلانغان بۇ ھەقىقەت ئالدى بىلەن بىر قىسىم تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن مەتبۇئات يۈزىگە ئېلىپ چىقىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قازاق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسىنىڭ پروفېسسورى مەخمۇت ئابدۇراخمانوف[17] شۇنىڭدەك يەنە ر.ئىسمايىلوف[18] ، ك.ھاسامدىنوف[19]، ت.ئىسمايىلوف[20] ۋە باشقىلار بىرىنچىلاردىن بولۇپ، « ئاتۇ » قىرغىنچىلىقىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدە مەخسۇس ماقالە ئېلانقىلىپ، ۋەقەدىن خەۋەرسىز كىشىلەرنى خەۋەرلەندۈردى.

---

[15] كوممۇنار تالىپوف. « تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمۈشسىز كېلەچەك يوق ». ئالمۇتا، .

“مىر “ .2010-يىلى، 174-بەت

[16] .ئىسمايىلجان ئىمىنوف. شۇ ماقالىگە قاراڭ.
[17] ماخمۇت ئابدۇراخمانوف. « ئاتۇ ۋەقەسى-ئۇيغۇرلار پاجىئەسى». ،“ئۇيغۇر ئاۋازى.

[18] ر. ئىسمايىلوف. « ئوچۇق گېنوسىد»،. «ئۇيغۇر ئاۋازى».1992-يىلى، 14-ماي.نو.75.

مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە يەنە تونۇلغان شائىر ۋەژۇرنالىست مالىك سادىروف،مۇتەخەسسىسلەردىن كوممۇنار تالىپوف،ئابلەت كامالوف، ئىسمايىلجان ئىمىنوف ۋە باشقىلار مەزكۇر تراگېدىيەنىڭ پۈتۈن جەريانلىرىنى ئەڭ تەپسىلي رەۋىشتە تارىخى-پۈبلىستىكىلىق ئۇسۇلدا يورۇتتى. بولۇپمۇ مالىك سادىروفنىڭ « ئۇيغۇر قىسمىتى ياكى "ئاتۇ "پاجىئەسى ھەققىدە ھەقىقەت» ناملىقئەمگىكى مول تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا تايىنىلغان تۈنجى مەخسۇس كىتاب ھېسابلىنىدۇ[21].

تونۇلغان يازغۇچى ئىسمايىلجان ئىمىنوف بولسا تۈنجى قېتىم بىۋاسىتە رۇس تىلىدا ئۆزىنىڭ« "ئاتۇ"ياكى يەتتىسۇدىكى قىزىل تېررور ھەققىدىكى ھەقىقەت»[22] ماۋزۇلۇق چوڭ ھەجىملىك پۈبلىستىكىلىق ماقالىسىنى قازاقىستاندا رۇس تىلىدا تارقىتىلىدىغان « تەپەككۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ۋەقە ھەققىدە خەۋەرسىز قالغان رۇسلار، قازاقلارۋە باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مەزكۇر « قىزىل تېررورلۇق»نىڭ بالايى ئاپەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىشىغا زور پايدىسى بولدى. چۈنكى، ئۇيغۇر مىللىتى ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلغان مەزكۇر « ئېتىنىك تازىلاش»تىن ھەممە مىللەت كىشىلىرى بىخەۋەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرى « ئاتۇ» پاجىئەسى مەسىلىسى كۆپىنچە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تىللىق مەتبۇئاتلاردا ئوتتۇرىغا چىقىقانلىقى، رۇس ۋە قازاق تىلىدا بۇ ھەقتە بىر قىسىم مەلۇماتلار خاتىرلەنسىمۇ، بىراق بىر قەدەر كەڭ ۋە تەپسىلى يورۇتىلمىغانلىقى ئۈچۈن رۇس تىللىق باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرى ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە كەڭ خەۋەر تېپىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىدى.

«ئاتۇ قىرغىنچىلىقى»نىڭ تارىخىي ھۆججەتلىك تەسۋىرى شۇكى، 1918-يىلى ماي ئېيىدا ئەسلى چار پادىشاھ ئوفىتسېرى، ئەمما كېيىن قىزىللار تەرەپكە ئۆتكەن، قىزىل ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى يېگور مۇرايېۋنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك قىزىل ئارمىيە قوشۇنى رۇس كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى مەركىزى تاشكەنت يۆنىلىشىدىن كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ۋېرنىي دەپ ئاتالغان ئالمۇتا شەھىرى يېنىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدىن ئاۋاتتىن باشلاپ، تاكى ياركەنتكىچە بولغان ئاۋات، لاۋار، مالباي، چىلەك، بايسېيىت، قورام، تاشتىقارا، ئاقسۇ ۋە باشقا 20 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان[23]. قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ھەققىدە تۈرلۈك ئۇچۇرلار مەۋجۇت بولۇپ، كۆپىنچە ھالدا 20مىڭدىن 25 مىڭغىچە، ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خاتىرلىنىدۇ[24]. بۇ ئەمەلىيەتتە ئېتنىك قىرغىنچىلىق تۈسى ئالغان بولۇپ، مەركىزى ئاسىيا تارىخىدا سوۋېتلەرنىڭ قىزىل ئارمىيىسىنىڭ مۇنداق بىر مىللەتنى ، تۈرۈۋاتقان يېزا-قىشلاقلىرىنى بويلاپ، مەخسۇس تۈردە كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش ۋەقەسى بەلكى ئۇيغۇرلار ئۇستىدىنلا ئېلىپ بېرىلغان بولسا كېرەك. «ئاتۇ پاجىئەسى» ئەمەلىيەتتە قىزىللار

---

[19] ك.ھاسامدىنوف.«تارىخ بۇرمىلاشنى خالىمايدۇ». « ئۇيغۇر ئاۋازى». 1992-يىلى، 22-ئىيۇن.

[20] ت.ئىسمايىلوف. « ھازىرغىچە تېنىمىز شۈركىنىدۇ». « ئۇيغۇر ئاۋازى». 1993-يىلى، 14-ماي.

[21] . مالىك سادىروف. « ئۇيغۇر قىسمىتى ياكى "ئاتۇ" پاجىئەسى ھەققىدە».« مىر» ، 2012-يىلى.

[22] .Исмаилжан ИМИНОВ. «АТУ», ИЛИ ПРАВДА О КРАСНОМ ТЕРРОРЕ В СЕМИРЕЧЬЕhttp://mysl.kazgazeta.kz/?p=1046(ئىسمايىلجان ئىمىنوۋ. «ئاتۇ» ياكى يەتتىسۇدىكى قىزىل تەررور ھەققىدىكى ھەقىقەت).

[23] .Исмаилжан ИМИНОВ. «АТУ», ИЛИ ПРАВДА О КРАСНОМ ТЕРРОРЕ В СЕМИРЕЧЬЕhttp://mysl.kazgazeta.kz/?p=1046.

بىلەن ئاقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتىسۇدىكى توقۇنۇشلىرىدىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرىدىن پەرقلىق خاراكتېرگە ئىگىدۇر.

ئەنە شۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا قاتتىق قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، زور ساندا ئاھالىنىڭ غۇلجا تەرەپكە ئاممىۋى يوسۇندا قېچىپ ئۆتۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ 1881-1883-يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋادىسىدىن رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى يەتتىسۇغا كوللېكتىپ كۆچۈشىدىن كېيىن، تەخمىنەن 36 يىل ئۆتۈپ ئىككىنچى قېتىم ئەنە شۇ «غۇلجا يولى» غا ئاتلىنىپ، رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتا داۋاملىق قىرغىنچىلىق قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز تارىخى ئانا ۋەتىنىگە كوللېكتىپ يوسۇندا قايتىپ كېلىشى ئىدى .

بۇ ئىككى قېتىملىق كۆچۈشنىڭ پەرقلىق تەرىپى شۇكى، 1881-1883-يىللىرىدىكى كۆچۈش ئىلى دىيارى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن مانجۇلارغا قايتۇرۇلغاندا مانجۇ-ختاي ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ 1864-1867-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە تارتقان زىيانلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىپ ، بالايى-ئاپەتلەرگە يولۇقتۇرۇشىدىن قورققان ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە ئۆتۈشى ئىدى. ئەلۋەتتە، ختاي تارىخچىلىرى بولسا، بۇ ۋەقەنىڭ « چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋېلىش» ۋە « ئاھالىلارنى مەجبۇرى كۆچۈرۈپ كېتىشى» دەپ تەبىر بېرىدۇ[25]. ئەمما، ئۇيغۇر ۋە رۇس تارىخى مەنبەلىرى بولسا، بۇ كۆچۈشنى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلارنىڭ « ئۆچ ئېلىنىشتىن ئەندىشە قىلىپ، رۇسىيە تەۋەلىكىگە كۆچۈشى »، « مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈشنى تەلەپ قىلغان »،« بۇ ئاھالىلارنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە كۆچۈشى» دېگەندەك مەزمۇنلاردا تەسۋىرلىگەن ئىدى[26].

---

[24] .Ablet Kamalov. Evidence and History in Archival documents: Civil war in Semirechye. The Newsletter/No.70/Sipring.2015.International Institute for Asian Studies.

[25] بۇ ھەقتە ختايدا نەشر قىلىنغان تۆۋەندىكى كىتابلارغا قارالسۇن: « چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرالىرىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى». بېيجىڭ.1979 . -يىلى،

. چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى».3-توم.1981-يىلى.بېيجىڭ.( خەن تىلىدا) ۋە « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» .(خەن تىلىدا

ئۈرۈمچى . 1980.

[26] .بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن ئىمىنجان باۋۇدۇننىڭ « ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

ختاي ۋە )"Россия и Китай в Центральной Азии. вторая половина XIX в. - 1917 гг.“ .رۇس تارىخچىلىرىدىن. ۋ.ئا. مويسېيېۋ (رۇسىيە مەركىزى ئاسىيادا ( 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە . Barnaul. 2003.183-206-betler . Пантусов Н.Н. Записка о переселении кульджинских оседлых мусульман в Семиреченскую область//Отдел редких книг и рукописей Национальной библиотеки РК им. Аль Фараби. Д. 63. Л. 14.(“. // ئەل-فارابى نامىدىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك مىللى كۇتۇپخانىسىنىڭ قىممەتلىك كىتابلار ۋە قول يازمىلار بۆلۈمى. 63- دېلو. 14-تىزىملىك .غۇلجىنىڭ ئولتۇراق ھاياتتىكى مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈشى ھەققىدىكى خاتىرە .پانتۇسوۋ .ن.ن. Гуревич Б.П. История "Илийского вопроса“ и ее китайские фальсификаторы//Документы опровергают. Против фальсификации истории русско-китайских отношений ( . گۇرېيېۋىچ .ب.پ. "ئىلى مەسىلىسى" تارىخنى ۋە ئۇنىڭ ختايلىق ساقتىلاشتۇرغۇچىلىرى// ھۆججەتلەر رەت قىلىدۇ. رۇس-ختاي مۇناسىۋەتلىرى تارىخىنى ساقتىلاشتۇرۇشقا قارشى. ) .M. 1982. C. 457

ئومۇمەن، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىزىل ئارمىيەسىنىڭ 1918-يىلى فېۋرالدىن ئېتىبارەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملەش جەريانىدا پەرغانە ۋادىسىدا قوقان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش جەريانىدىكى قىرغىنچىلىقى، يەتتىسۇ رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان« ئاتۇ» قىرغىنچىلىقى، پەرغانە ۋادىسى، تۈركمەنىستان ۋە كاسپىي —ئارال كۆلى ئەتراپىدىكى رايونلاردىكى تۈركىي ئاھالىلارنىڭ مۇستەقىللىق ۋە بولشېۋىكلارغا قارشى قوراللىق ھەرىكەتلىرى شۇنىڭدەك بولشېۋىكلارغا قارشى ئاق گۋاردىيەچىلەر ۋە كازاك رۇسلىرىنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى بولشېۋىكلارغا قارشى پۈتۈن رۇسىيە خاراكتېرلىق ھەرىكەتلەرنىڭ، جۈملىدىن گراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇزۇن مەزگىللىك كوممۇنىستلارغا قارشىلىق ۋە نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارغا ئايلانغان ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا،1917-1921-يىللىرىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، 1928-1933-يىللىرى ئارىسىدىكى باي-كۇلاقلارغا زەربە بېرىش، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش،1937-1938-يىللىرىدىكى « خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش»، 1941-1945-يىللىرىدىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جەرياندا، ئۇرۇش، باستۇرۇش، كېسەللىك، ئاچارچىلىق، سىياسىي تەقىبلەش قاتارلىق ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مىليونلىغان ئىنسانلار ھاياتىدىن ئايرىلدى ، خانىۋەيران بولدى، تۈرمىلەرگە سولاندى، ئەمگەك لاگېرلىرىغا ھەيدەلدى، ئاممىۋى سۈرگۈن قىلىندى ۋە چەتئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ھاكىمىيەتكە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىشى ھەم كۈچىيىش كۈرىشى ئاساسىي سەۋەب- ئامىلى سۈپىتىدە تۇرغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان « ئاتۇ »تراگېدىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن «دۈشمەن» كۆرۈلۈپ، ئاممىۋى ۋە ئېتنىك قىرغىن قىلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان تۇنجى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر ۋەقەگىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئاقلار بىلەن قىزىللار، قىزىللارنىڭ مۇستەقىلچىلەرگە ، يەنى ئاتالمىش « باسمىچىلارغا» قارشى ئۇرۇشلىرى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما قىزىل ئارمىيەنىڭ پۈتۈن بىر مىللەت ئاھالىسىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنى ئالمۇتادىن باشلاپ، تاكى ياركەنت —يەنى ئىلى چېگراسىغىچە بولغان 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق كەڭ لىنىيە بويىچە يېزىمۇ-يېزا ، ئۆيمۇ-ئۆي بېسىپ كىرىپ، ئادەملەرنى قېرى-ياش، ئەر-ئايال، بالا دېمەي بىر يەرگە توپلاپ پىلىموتلارغا تۇتۇپ قىرغىن قىلىش، ۋە قىز-ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىشتەك[27] جىنايىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. ئەمما باشقا خىل شەكىلدىكى باستۇرۇشلار بولغانلىقى روشەن.

1918-يىلى، ماي -ئىيۇن ئېيىدىكى رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان «ئاتۇ پاجىئەسى«نىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىككى خىل نەتىجىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، بىرى زور ساندىكى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە، جۈملىدىن كوممۇنىستلارغا ئىشەنمەسلىك پىكىرلىرىنى پەيدا قىلىش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئاممىۋى تۈردە ئىلى تەرەپكە قېچىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئەھۋال سوۋېت ھاكىمىيىتىنى خالىمىغان ۋە مىللىي ئىدېئولوگىيەگە ئىگە بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاڭلىق كىشىلىرى، ئاۋام خەلقى ئارىسىدا جۈملىدىن يەتتىسۇ ۋە ئىلىدىكى ئۇيغۇر جەدىدلىرىنىڭ مىللىي پىكىرلىرىدە ،تۈركىيە تەرەپلەرنى ئاساس قىلىپ كېلىدىغان تۈركچىلىك پىكىرلىرى ئاساسىدىكى

27 .Исмаилжан ИМИНОВ.«АТУ», ИЛИ ПРАВДА О КРАСНОМ ТЕРРОРЕ В СЕМИРЕЧЬЕhttp://mysl.kazgazeta.kz/?p=1046.

مىللى مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سىياسى ئاڭنىڭ ئاستا-ئاستا راۋاجلىنىشى شۇنىڭدەك سوۋېت تۈزۈمگە ھەمدە رۇسلارغا بولغان مىللى نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىشىگە تەسىر كۆرسەتتى.يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تايىنىش پىكرىدىكى كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپىنىڭ بولسا سوۋېت ھاكىمىيتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىش، بولشېۋىكلارنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، كومپارتىيە مەپكۇرىسىدا مېڭىش يولىنى تۇتۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە تايىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە باشقا ھەر تەرەپلەردىن گۈللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ، ھەتتا ئاخىرىدا ئۆز تارىخى ئانا ۋەتىنى بولغان « ئۇيغۇرستان» دا سوتسىيالىستىك مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولدى.

ئەنە شۇ «ئاتۇ پاجىئەسى» ۋە « قوقان قىرغىنچىلىقى» سەۋەب-ئامىللار قاتارىدا كۆرگەن ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ بىر قىسمى، بىر قىسىم دىنىي پىكرىدىكى كىشلەر ۋە ئاددى ئاۋامپەرغانە ۋادىلىرىدىكى ئاساسلىقى ئۆزبېك، قىرغىزلاردىن تۈزۈلگەن بولشېۋىكلار ۋە ئۇنىڭ قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئاتالمىش « باسمىچىلار» ھەرىكتى دەپ ئاتالغان قوراللىق كۈرەشنىڭ ئاكتىپ جەڭچىلىرىگە ئايلىنىپ، قولغا قورال ئېلىپ، قىزىللارغا قارشى جەڭ قىلدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا يەتتىسۇ ۋادىسىدىكى بولشېۋىكلارغا قارشى دۇتوۋ ۋە ئانېنكوۋ قاتارلىقلار يېتەكچىلىكىدىكى ئاق گۋاردىيەچىلەرنىڭ قىزىل ئارمىيەگە قارشى كۈرەشلىرىگە قاتنىشىدۇ ھەم ئاخىرىدا تارمار بولغاندىن كېيىن غۇلجا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، سوۋېت ھاكىمىيتىگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سوۋېت كوممۇنىست ھاكىمىيتى ئۆز تارىخىدىكى بۇ دەھشەتلىك ئېتنىك قىرغىنچىلىق قىلمىشنى، يەنى « سىر»نى تاكى ئۆزى يىقىلغىچە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.لېكىن، ھەقىقەت ئاخىرى بەرىبىر پاش بولدى. روشەنكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا كوممۇنىست ھاكىمىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە نۇرغۇن سىرلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇنداق سىرلار ئۆز نۆۋىتىدە داۋاملىق ئېچىلماقتا ھەم ھامان تولۇق ئېچىلىشىدا شۈبھە يوق، بۇنىڭغا پەقەت ۋاقىتلا كېرەك خالاس!

## ئۇيغۇرلار دىيارى سوۋېت رۇسىيەسىۋە بېرتانىيە ئارىسىدا

1919-1921-يىللىرى ئارىسىدارۇسىيەدىكى ئاقلار بىلەن قىزىللار ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئەۋجىگە چىققان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ پەرغانە ۋادىسىدا سوۋېت تۈزۈمگە قارشى ئېرگەش ۋە باشقا قۇرباشلار رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت دەۋرىدە 70 يىل ۋاقىت «باسمىچىلار» دېگەن نام بىلەن قارىلانغان، ئەمەلىيەتتىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى كۈچەيگەن پەيتتە سوۋېت رۇسىيەسى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت رەئىسى لېۋ تروتسكىينىڭ «دۇنيا ئىنقىلابى» نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، قانداق شەكىلدە سوۋېت ھۆكۈمتىنىڭ دۈشمەنلىرى، جۈملىدىن بۈيۈك بېرتانىيە باشچىلىقىدىكى ئانتانتا كۈچلىرىگە زەربە بېرىش پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرغانىدى.

ل.تروتسكىيسوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى ھېسابلىنىدىغان بۈيۈك بېرتانىيەگە،يەنى، «ئىنگلىزلار»غا تاقابىل تۇرۇش، ئۇنىڭ ھەربىي-سىياسىي تەسىرلىرىنى كاۋكازىيە، كاسپى دېڭىزى ئەتراپى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن خالى قىلىش شۇنىڭدەك ئاقلارنىڭ ئىنگلىزلارنىڭ ياردىمگە ئېرىشىشىنى بىتچىت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلغان ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق « ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش» پىلانىنى تۈزگەن .

ھۆججەتلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، 1918-يىلى 3-مارت كۈنى سوۋېت ھۆكۈمىتى گېرمانىيە باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقچى دۆلەتلەر بىلەن بىرېستشەھىرىدە «بىرېست-لىتوۋسكىي شەرتنامىسى»نى ئىمزالىغاندىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، يەنە بىر تەرەپتىن بولشېۋىكلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا دۇچ كېلىپ، پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى باشلىنىدۇ شۇنىڭدەك لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى خەلقئارا مىقيادا يېتىم قالدۇرۇلۇشقا ئۇچرىدى. گەرچە، 1918-يىلى، 11-ئايدا گېرمانىيەنىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرىگە تەسلىم بولۇپ، مەزكۇر كېلىشىم ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن بىكار قىلىنسىمۇ[28]، ئەمما بۇ كېلىشىمنىڭ ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى يەنىلا ئېغىر بولدى، چۈنكى، ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە رۇسىيە بىلەن بولغان كونا دىپلوماتىيەلىك ئالاقىسىنى ئۈزگەن دۆلەتلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئاشتى ۋە 1918-يىلى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىمۇ رۇسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ، تاكى 1933-يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت ئورناتمىغان ئىدى[29]. بۇ جەرياندا بېرتانىيە، فرانسىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى سوۋېت رۇسىيەسىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، سوۋېت دىپلوماتىيە ئورگانلىرىنىڭ مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىيەلىك ئالاقە ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇشلىرى ئۇلار تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنمىدى. قىسقىسى، 1919-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولشېۋىكلار بىلەن ئاقلار ئارمىيەسى ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار كەڭ دائىرىلەرگە كېڭىيىپ، ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىن يېتىم قالدۇرۇشىغا تېخىمۇ كۈچلۈك دەرىجىدە ئۇچرىدى[30]. بۇ ۋاقىتتا يەنە سىبىرىيە، يىراق شەرق ۋە باشقا جايلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ

---

[28] .David Stevenson (2009). Cataclysm: The First World War as Political Tragedy( ئاپەت: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

سىياسى تراگېدىيە ). Basic Books.p. 315.

[29] .David S. Foglesong. America’s Secret War against Bolshevism: U.S. Intervention in the Russian Civil War, 1917-1920.(ئامېرىكىنىڭ بولشېۋىزمغا قارشى مەخپىي ئۇرۇشى: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ1917-1920-يىللىدىكى ئىچكى ئۇرۇش

مەزگىللىدە رۇسىيەدىكى  ھەربىي ئارىلىششى)Chapel Hill and London: University of North Carolina Press, 386 pp.,

Publication Date: December 1995,

[30] .The Isolation of Russia, 1917-1921 (رۇسىيەنىڭ 1917-1921-يىللىرىدىكى يېتىم

قالدۇرۇلۇشى).http://ww2.ecclesbourne.derbyshire.sch.uk.  Keith Neilson .Britain, Soviet Russia and the

Collapse of the Versailles Order, 1919-1939.( 1939-1919 ،بېرتانىيە، سوۋېت رۇسىيەسى ۋە ۋېرسالنىڭ يىمىرىلىشى-

يىللاردىكى تەرتىپ).. Anthony Heywood. Post-war Economies of Russian Empire ( رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ-

ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادى، International Encyclopedia of the First World War. https://encyclopedia.1914-1918-online.net 08 October 2014

قىلمىغان ئايرىم ھاكىمىيەتلەر ئارقىمۇ-ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بولسا ئىلگىرى چار رۇسىيەگە بېقىندى شەكلىدە مەۋجۇت بولغان،بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە خارەزىم خانلىقىئۆز ئالدىغا تولۇق مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

ئانتانتا دۆلەتلىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ گېرمانلار بىلەن « برېست-لىتوۋسكىي شەرتنامىسى»نى تۈزۈپ، گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىپ، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاتانتا دۆلەتلىرىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1918-1920 -يىللىرى ئارىسىدا گېرمانىيەگە قارشى ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاقداشلىقنى ساقلىغانكولچاك باشچىلىقىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنى ۋە كازاك رۇس ئارمىيەسىنى قوللاش يۈزىسىدىن رۇسىيەنىڭ يىراق شەرق ۋە ياۋروپا قىسمىدىكى، شۇنىڭدەك كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىغا قوشۇن ئەۋەتتى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق 14 دۆلەت قوشۇنلىرى رۇسىيەگە كىرگەن بولۇپ، يىراق شەرقتىكى جايلارغا ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە، ئەنگلىيە ۋە خىتاي قوشۇنلىرى كىرگەن ئىدى[31]. بولۇپمۇ ياپونىيە قوشۇنلىرى بايقال كۆلى رايونىغىچە يېتىپ باردى ۋە تاكى 1922-يىلى سىبىرىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جايلارنى، جەنۇبىي ساخالىن رايونىنتاكى 1925-يىلىغىچە ئىشغال قىلىپ تۇردى[32].كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىمۇ ئوشاشلا بېرتانىيەنىڭ ھەربىي ھەرىكەت دائىرىسىگە كىرىپ، 1918-1919-يىلى ئارىسىدا بىر قىسىم بېرتانىيە قوشۇنلىرى ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ قاتارلىق جايلىرىدا ۋە تۈركمەنىستاندا ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئاساسلىقى قىزىللار بىلەن تۇتۇشقان ئاقلارغا ياردەم بەردى . ئىران ئارقىلىق تۈركمەنىستان رايونىغا كىرگەن بېرتانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق تاقابىل تۇرۇش نۇقتىسى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان سوۋېت ھاكىمىيتى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1920-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن تۈركمەنىستان تاشكەنتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى[33].

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قەشقەر رايونىغا يېقىن ئەركەشتامدا بولسا، 1919-يىلى،ئۆكتەبىر ئېيىدا يەرلىك قوراللىق كۈچلەر بىلەن كۆچمەن رۇسلار ۋە ئاق گۋاردىيەچىلەر رەھبەرلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئەركەشتامدا قۇرۇلغان مەزكۇر پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكى كۆپ مىللەتلىك تۈسى ئالغان بولۇپ، ئۆزبېكلەردىن مەدەمىن بەك ھۆكۈمەت بېشى ۋە باش قوماندان ، كۆچمەن رۇسلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى تەشكىللىگەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى كونستانتىن مونستىروۋ مۇاۋىن ھۆكۈمەت بېشى، بولشېۋىكلارغا قارشى ئاق گىۋاردىيەچىلەردىن گېنېرال ئا.ئى. مۇخانوۋ ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى، يەھۇدىيلاردىن نېنسبېرگ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولدى. ئۇلار بىرلىكتە پۈتۈن تۈركىستاندىن بولشېۋىكلارنى قوغلاپ چىقىرىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئانتانتا دۆلەتلىرى، جۈملىدىن ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى نىشان قىلدى.

---

[31] .В. О. Дайнес ,(يىللاردىكى رۇسىيەدىكى چەتئەل ھەربىي ئارىلىششىلىرى -1918-1922)  // Излучениеплазмы - Исламскийфронтспасения. - М. :БольшаяРоссийскаяэнциклопедия, 2008. - С. 399.

[32] .Beyer, Rick (2003). The Greatest Stories Never Told (ھېچقاچان ئېيتىلمىغان زور ھكايىلەر). A&E Television Networks / The History Channel.p.152-153.

[33] .C. H. ELLIS, The British ”Intervention in Transcaspia 1918-1919″( بېرتانىيەنىڭ 1918-1919-يىللىرى كاسپىي رايوندىكى ھەربىي ئارىلىششى). University Of California Press, Berkeley and Los Angeles, 1963

سوۋېت تارىخشۇناسلىقىدا مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ ئەنگلىيە رازۋېتكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى قەيت قىلىندى[34]. روشەنكى، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەر چېگراسىدىكى ئەركەشتامدا قۇرۇلۇشى ۋە ئەنجان، ئوش قاتارلىق جايلارنى بازا قىلىشمۇ بەلكى ئۇلارنىڭ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ قەشقەر يولى بىلەن ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىدىن كېلىپ چىققان بولساكېرەك. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردىكى بېرتانىيە كونسۇلخانىسى ۋە بېرتانىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستان بىلەن چېگرىداش قەشقەر رايونى ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىدىن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تۈركىستاندىكى ( غەربىي تۈركىستاندىكى) ھەربىي-سىياسىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم تاشقى تەھدىت ھېسابلىناتتى. تارىخى مەنبەلەر ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ئېسسېرتون بىلەن پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى رەھبىرى مەدەمىنبەك تەرەپدارلىرى ئارىسىدا مەخپىي ئۇچرىششىلار بولغانلىقىنىمۇ قەيت قىلىدۇ. مەدەمىنبەك ھەتتا ئۆز ئوغلىنى مەخپىي تۈردە قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىمۇ خاتىرلىنىدۇ. بىراق، ئەنگلىيەنىڭ قەشقەر ئارقىلىق پەرغانە ھۆكۈمىتى ياكى باشقا بولشېۋىكلارغا قارشى كۈچلەرگە ھېچقانداق ئەمەلىي ھەربىي- سىياسىي ياردەم كۆرسەتمىگەنلىكى روشەن[35] . سوۋېت ھاكىمىيىتىمۇ مەزكۇر پەرغانە ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ھەم ئۇ يەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ ھەربىي-سىياسىي ياردىمگە ئېرىششى، قەشقەر رايونىنىڭ «ئىنگلىزلار»نىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بازىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى، تېخىچە سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئېتراپ قىلمىغان ۋە ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ ئەنگلىيەنىڭ ئىتتىپاقچىسى ھېسابلىنىدىغان خىتاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ قەشقەرنى بازا قىلىشىغا ماسلىششىدىن ئەڭ ئەندىشە قىلغان، نەتىجىدە قىزىل ئارمىيە قوماندانى مىخايىل فرۇنزې ئاساسىي كۈچىنى پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئەنجان ۋە ئوش لىنىيەسىگە قارىتىپ، مەزكۇر پەرغانە ھۆكۈمىتىنى تېزدىن يوقىتىپ، قەشقەر چېگراسىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئالدى ۋە ئەنگلىيەنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا قەشقەرىيە تەرەپتىن ئۇلارغا ياردەم بېرىش يولىنى كەستى ھەم پەرغانىغا كېلىدىغان ھەربىي تەھدىدتىن خالى بولدى.

دەل ئەنە شۇ 1919-يىلى، پەرغانە ۋادىسىدا ئاتالمىش «باسمىچىلار»، يەنى مۇستەقىلچى قورالىق كۈچلەر بىلەن سوۋېتلەرنىڭ قىزىل ئارمىيەسى ئارىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇشلار داۋاملىشىۋاتقاندا قەشقەرنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى، يەنى « تىدۇسى» تۇڭگان ما فۇشىڭ يەرلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ، 15 باتالىيون قوشۇن تەييارلاپ، پەرغانىغا يۈرۈش قىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىمەن دەپ جار سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتىش تەلىپىنى ياڭ زېڭشىنگەن يوللىغان بولسىمۇ، بىراق ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى توسۇپ قويىدى[36] . بولشېۋىك رازۋېتكا ئورگانلىرى، ما فۇشىڭنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئەنگلىيە بار دېگەندەك گۇمانلاردا بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ما فۇشىڭ قەشقەردىكى ئەنگلىيە باش كونسۇلى ئېسسېرتونۋە چار رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى باش كونسۇلى ئۇسپېنسكىي قاتارلىق بىلەن يېقىن ئالاقىلاردا بولغان بولۇپ، رۇس كونسۇلى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتىپ، قىزىل

---

[34] .(40).Гражданскаявойна и военнаяинтервенция в СССР (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پۇقرالار ئۇرۇشى ۋە ھەربىي ئارىلىشىش).

Энциклопедия. М.:Советскаяэнциклопедия, 1983. с.12

[35] .Jonathan D. Smele.(2015).Historical Dictionary of the Russian Civil Wars, 1916-1926.p.392

[36] بۇرھان شەھىدى. « شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» ،40-41-بەتلەر . ( خەن تىلىدا).

ئارمىيەگە قارشى جەڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى[37]. ئەنگلىيە باش كونسۇلىنىڭمۇ ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئەلۋەتتە.ياڭ زېڭشىن 1924-يىلى، سوۋېت-خىتاي ھەمكارلىقى شەرتنامىسى ئىمزالىنىش بىلەن تەڭ ما فۇشىڭنى ئۆلتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى خۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ئۇيغۇرلارنى خۇش قىلىش، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك قوراللىق دۈشمەندىن قۇتۇلۇش مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى.

ما فۇشىڭنىڭ قەشقەردىن قوشۇن تەييارلاپ، پەرغانە ۋادىسىغا، يەنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ، قىزىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش چاقىرىقى ئەمەلىيەتتە ئانتانتا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا خىتاي جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1918-يىلى ئەنگلىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيەگە قوشۇن ئەۋەتىپ، قىزىللارغا قارشى ھاكىمىيەتكە ياردەم بېرىش چاقىرىقىغا ماسلىشىپ، ۋلادىۋوستوكقا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتايىنى ئوخشاشلا «شىنجاڭ» ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەسكەر كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. سابىق چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئانتانتاغا ئەزا دۆلەت بولغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان كېرېنسكىي رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق رۇسىيە ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىنكى بولشېۋىكلارغا قارشى قۇرۇلغان ئادمىرال كولچاك رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممىسى گېرمانلارغا قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈنچار رۇسىيەنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەردىكى كونسۇللىرى، كېيىن كولچاك ھۆكۈمىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ياڭ زېڭشىندىن كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا ،بولشېۋىكلارغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى[38]. ھەتتا ياپونىيەمۇ بىر دىۋىزىيە قوشۇن ئەۋەتىپ،ئىلى، چۆچەكتە تۇرغۇزۇپ، چېگرا قوغداشقا ياردەم بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى[39]. بىراق، سىياسىي نەيرەڭگە باي ياڭ زېڭشىن ھەرگىز بۇ يولنى تۇتمىدى. ئۇ،باشتىن ئاخىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن بىرلىكتە رۇسىيەگە قوشۇن كىرگۈزۈپ، قىزىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەشەببۇسىغا قارشى بولۇپ، بۇ تەلەپنى ھېچقاچان ئورۇندىمىدى، ئەكسىچە سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئاستىرىتتىن ئىتتىپاقلىشىش يولىنى تاللىغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن ما فۇشىڭگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئېنىق قىلىپ،ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتسە، قىزىل ئارمىيەگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، ئۇ چاغدا قىزىل ئارمىيەنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ،ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن بېسىپ كىرىپ ئۇرۇش قىلسا، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى، نەتىجىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى شەرھلىگەن ئىدى[40]. شۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنبىر چارە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ غەزىپىنى

---

[37] بۇھان شەھىدى..ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى.

«شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار». 2-توپلام 1998-يىلى، ئۈرۈمچى

108-110-بەتلەر..

[38] بۇھان شەھىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى.

« شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار». 2-توپلام 1998-يىلى، ئۈرۈمچى -

108-110-بەتلەر.

[39] بۇرھان شەھىدى. شۇ ئەسەرگە قاراڭ.

[40] ياڭ زېڭشىن.«تۆۋە -ئىستىخبار ھوجرىسىدىكى ھۆججەت ۋە خەت-چەكلەر» 46.

1-بەت ، 1-جىلت،1-بەت .، 7-جىلت«ر

قوزغماسلىق زۆرۈر ئىدى. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، ياڭ زېڭشىننى قوشۇن ئەۋەتكۈزىشى ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان ھەربىي-سىياسىي بازىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلدى.بۇ خىل ئەندىشە تاكى 1930-يىللارغىچە داۋاملاشقان ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا يەنە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا، يەنى سابىق رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى تۈركىستان رايونىدا مىللەتچىلىك، دىنى ۋە مىللى گۈللىنىش ئىدىيەلىرىگە ئىگە « ياش بۇخارالىقلار»، «ياش خىۋەلىكلەر»، «ئالاش ئوردا»، «شورائىي ئىسلامىيە» قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ھەر خىل تەشكىلاتلار ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئاتالمىش « باسمىچىلار» دەپ ئاتالغان مۇستەقىلچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى كۈچىيىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋادىسى، شەرقىي بۇخارا، سەمەرقەند، قاراقۇم ،كاسپىي بويلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، سوۋېت رۇسىيە تۈركىستان فرونتىنى ئېچىپ، مىخايىل فرۇنزېنىڭ قوماندانلىقىدا زور ساندىكى ئەسكىرى كۈچنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇرۇشقا سېلىشقا كىرىشكەن . ئىچكى ئۇرۇش يەنە ۋولگا ۋە ئۇرال بويلىرىدا ھەم سىبىرىيە رايونلىرىدىمۇ شىددەت بىلەن داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، سوۋېت بولشېۋىكلىرى قۇتۇلۇش ياكى يوقىلىشتىن ئىبارەت ھالقىلىق پەيتكە، قىسقىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆزى بويىچە «سوۋېت ھاكىمىيىتى جىددى خەۋپكە دۇچ كەلگەن» ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىش ۋەزىيىتىمۇ شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە خارەزم خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مەزكۇر ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ سىرتىدىكى جايلىرىدىكى خەلقلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. مانا شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە بولشېۋىكلار دۇنيا ئىنقىلابى ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىپ، ئاسىيادىكى خەلقلەر، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ،ئۇلارنى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغاش ئارقىلىق ئۇنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان بېسىمىنى ئاجىزلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ياۋروپا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئاسىيا، جۈملىدىن شەرق دۆلەتلىرى، يەنى ئافغانىستان، ئىران ۋە باشقىلار بىلەن دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش، شەرق خەلقلىرى، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا لېنىن 1917-يىلى، 11-ئايدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سابىق رۇسىيە ئىمپېرىيەسىدىكى شەرق خەلقلىرىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى. ھەتتا، 1920-يىلى ئەزەربەيجاننىڭ باكۇ شەھرىدە ئېچىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 1-قېتىملىق شەرق خەلقلىرى قۇرۇلتىيىدا رۇسىيە كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىنگلىز » مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى « جىھات» قىلىش چاقىرىقىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى[41]. ھەتتا مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ ئېلان قىلغان شەرقتىكى ئازاد قىلىنىشقا تېگىشلىك رايونلار قاتارىدىن ئۇيغۇرلار دىيارى، يەنى « قەشقەر»مۇ ئورۇن ئېلىپ[42] ،

---

[41].Carr.The Bolshevik Revolution( bolshéwik inqilabi). vol. 3, pg. 261.Теймур АТАЕВ.“Армянскийвопрос“ ”подколпаком“ Ленина. О корняхпризыва I-госъезданародов Востока к коммунистическомугазавату( لېنىننىڭ قاپقاق ئاستىدىكى ئەرمەن مەسىلىسى. شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ

كوممۇنىستىك غازات چاقىرىقىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە)Независимаяобщественнополитическаягазета ”Эхо“.21.07.2012 .

[42] . Manifesto of the Congress to the Peoples of the East ( شەرق خەلقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ خىتابنامىسى).

قۇرۇلتاينىڭ «شەرق ھەرىكەت ۋە تەشۋىقات رەھبەرلىك كومىتېتى» غا ئابدۇراخمان ماخمۇدوف ئىسىملىك قەشقەرلىق ئۇيغۇر كىرگۈزۈلگەن ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە دېڭىز مۇداپىئە كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لېۋ تروتكىسي دۇنيا ئىنقىلابىنى ئاسىياغا كېڭەيتىش تەرغىباتچىسى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھىندىستاندىكى بىرىتانىيە ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ۋە ئاسىيا خەلقلىرىنى بىرىتانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە قارشى قوزغاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تەرەپدارى ئىدى.

## لېۋ تروتسكىينىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىدا ئۇيغۇرلار رايونى

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشچە، 1918-1920-يىللىرى ئارىسىدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئالىي باش قوماندانى، ھەربىي ئىشلار ئىنقىلابىي كومىتېتى رەئىسى لېۋ تروتسكىي ھەققەتەن، دۇنيا ئىنقىلابىنى شەرققە كېڭەيتىش ئىدىيەسىنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىغا سۇنغان ۋە لېنىن قاتارلىقلار ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ئويلاشقان ئىدى. رۇسىيە تارىخچىسى ۋ. بارمىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1918-1941-يىللىرى ئارىسىدىكى ئۇيغۇر دىيارىغا ئائىت سىياسىتى توغرىسىدىكى كىتابىدا ۋە باشقا بەزى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشچە، ل.تروتسكىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، ئۇ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشتا «شىنجاڭنى بازا قىلىش» نى ئويلاشقان[43]. چۈنكى، قەشقەرىيە تەرەپ بىرىتانىيە مۇستەملىكىسىدىكى ھىندىستانغا تۇتىشاتتى. ل.تروتسىي بۇ پىلان ئۈچۈن تۈركىستاندىكى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، بۇ يەردە مەخسۇس ھەربىي بازا قۇرۇش، بۇنىڭغا يەرلىك مۇسۇلمانلاردىنمۇ قوشۇن تەييارلاش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 1919-يىلى، 5-ئاۋغۇست كۈنى سىياسىي بيۇروغا يوللىغان دوكلاتىدا بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن 30-40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن قۇرۇش، ئۇرال ۋە ياكى تۈركىستاندا ئاسىيادىكى ئىنقىلابنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋە ھەربىي سىياسى ئاكادېمىيە قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان[44]. ئۇ يەنە 1919-يىلى،20-سېنتەبىر كۈنى سىياسىي بيۇروغا يوللىغان دوكلاتىدا ئۆز پىلانىنى يەنە تەكىتلىگەن ئىدى.

ل.تروتكىينىڭ بۇ پىلانى دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي-سىياسىي مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ بۇ پىلان ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ قەشقەرىيە، ئافغانىستان ئارقىلىق

---

https://www.marxists.org.

43 .Бармин В.А. СоветскийСоюз и Синьцзян.1918-1941 ( سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1918-1941- يىللىرىدىكى ).

Барнаул, 1998.с.83.

44 .Архив Троцкого. Коммунистическаяоппозиция в СССР. 1923-1927( تروتسكىي ئارخىپى: سوۋېت

ئىتتىپاقىدىكى كوممۇنىستىك ئۆكتىچىلىك). Т.1. М., 1990. С.183. М. Корабельников .ЛевТроцкий и другие.Вчера,сегодня.Историческийпроцесс( لېۋ تروتسكىي ۋە باشقىلار. تۈنۈگۈن، بۈگۈن.تارىخى جەريانلار).М. ,2015. “Большевики и мироваяреволюция”( bolshéwiklar we dunya inqilabi).http://www.e-reading.club.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ھاكىمىيتىگە سالدىغان تەھدىتلىرىدىن خالى بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رايونلار، جۇملىدىن ئافغانىستان، قەشقەرىيە، يەنى ئۇيغۇرلار دىيارى ئارقىلىق بۈيۈك بېرتانىيەنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى. سوۋېت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك تۆرلۈك ئامىللار قاتارىداھىندىستانلىق كوممۇنىست مانابېندراروي (1887-1954)باشچىلىقىدا 1920-يىلى ئۆكتەبىردە ھىندىقاچاقلىرىنىئۇيۇشتۇرۇپ، تاشكەنتتە ھىندىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسىنى بەرپا قىلدى ھەمدەمەركىزى ئاسىيادا جۇملىدىن ئافغانىستاندا ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈنمەخسۇس مەخپىي ھەربىي پىلانلىرىنى ئېلىپ باردى [45].

مانابېندرا روي ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ھىندىستانلىق مۇسۇلمان قاچاقلاردىن مەخسۇس ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش تەشەببۇسكارى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى سوۋېت رەھبەرلىرىگە سۇنغان ئىدى[46].1919-1921-يىللىرى ئارىسىدىكى تاشكەنت، ئەنجان، ئالمۇتانى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قاتار سىياسىي تەشكىلاتچىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ھەم تۇڭگانلاردىن قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر يۈرۈش ھەرىكەتلەر ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ ل.تروتسكىينىڭ دۇنيانى ئىنقىلابلاشتۇرۇش ۋە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

سوۋېت ھاكىمىيتى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسى، جۇملىدىن ئاتاتنا دۆلەتلىرىگە زەربە بېرىشتە پايدىلىنىدىغان تۆرلۈك ئامىللار قاتارىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمۇ كىرگۈزگەن دەپ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن. ل.تروتسكىينىڭ پىلانى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۇردۇ. ئەمما، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ خەلقئارالىق كۆرەشتە ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان بولۇپ، ل.تروتسكىينىڭ پىلانىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، كېيىنرەك رۇدزۇتاكنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھەسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدىكى تۆرلۈك ئامىللار قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئومۇمىيۈزلۈك نادان، جاھالەتتە قېلىپ، ئۆز ئەتراپىدا يۈزبېرىۋاتقان ئومۇمىي سىياسىي ئېقىمغا ئومۇمىيۈزلۈك ماسلىشالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياڭ زېڭشىن قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ نەيرەڭۋاز تاكتىكىلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىشى ۋە باشقىلارمۇ بار.

ئەگەر تروتسكىينىڭ قەشقەرىيەنى بازا قىلىپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش پىلانى ئىشقا ئاشقان بولسا، قەشقەرىيە ۋە باشقا رايونلار خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلاتتى.بىراق قىزىل سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ كۆڭلىكى ئاستىغا كىرىشى تەبئىي ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، 1990-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن مۇستەقىللىق خىيالىدىن ئاللىبۇرۇن ئايرىلىپ ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالغان، چىرايى رۇسلاشمىسىمۇ، تىلى ۋە پسىخىسى ھەم مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى رۇسلىشىپ

---

[45] . .Ю. Л. Тихонов. Подготовкасоветскоймиссии в Афганистан в 1920 году. Неизвестноеписьмо М. М.Грузенберга (Бородина) В. И. Ленину( ئافغانىستاندىكى سوۋېت ۋەزىپىسىنىڭ تەييارلىنىشى. م.م. گرۇزېنبېرگنىڭ لېنىنغا

ئەۋەتكەن نامەلۇم خېتى). «Восточныйархив».№ 1 (29).2014 г.

[46] . Индийский поход Ленина и другие тайныи ндийской полиции

(لېنىننىڭ ھىندىستان يۈرۈشى ۋە باشقا ھىندى سىيائىتىگە ئائىت مەخپىيەتلىكلەر

http://www.agentura.ru. 05.04.199

بولغان قىرغىزلار، قازاقلار، مىللىي روھى بىر قەدەر مۇستەھكەمرەك ئۆزبېكلەر، ئەزەرلەر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئامەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.1990 ـ يىللار پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئامەتلىك يىللار بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ يېڭى تراگېدىيەلەرنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بولدى.چۈنكى ئۇيغۇرلار ئىمپىرىيەلەر ئارىسىدىكى جۇغراپىيەۋى سىياسىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئاچقۇچلىق رولىنى ئۆتەپ كەلگەن، ھەم بۇ تەڭپۇڭلۇق بەلكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پايدىلىق روللارنى ئويناش پۇرسەتلىرى يارىتىشى مۇمكىن ئىدى. مەركىزى ئاسىيانىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي قىسمەت تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا بۇ رايون ئەزەلدىن شەرق-غەربتىن كېلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچلەر، ئىمپىرىيەلەرنىڭ ئۈچرىشىش نۇقتىسى ۋە تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىش مەركىزى ئىدى. بۇ مەركەزدە ئۇيغۇرلار ھەل قىلغۇچ رولـلارنى ئويناپ كەلگەن ئىدى. قاچان بۇ رايوندا بىرلا قۇدرەتلىك كۈچ تەنھا ئېشىپ قالسا ئۇيغۇرلارغا زىيانلىق بولاتتى.1990-يىللاردىن كېيىن بۇ رايوندىكى ئىككى ئەسىرلىك رۇس-سوۋېت ئىمپىرىيەۋى قۇدرىتىنىڭ ئاجىزلىشى ۋە چېكىنىشى،ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت قۇدرىتىنىڭ قاش-قاپىغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، قەشقەر، غۇلجا كوچىلىرىدا ئۆز قەدەملىرىنى ئېھتىياتچان ۋە قورقۇنۇچ ئىچىدە بېسىپ كەلگەن جۇڭگولۇقلارغا تەنھا خوجايىنلىق پىسخىكىسى ۋە ئىشەنچىسى ئاتا قىلغان ئىدى. مانا بۇ تەنھا خوجايىنلىق پىسخىكىسى ۋە ئىشەنچىسىدىن ئۇيغۇر تراگېدىيە ياشلىرى تۇمەن، تارىم ۋە ئىلى دەريالىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقان سۇلىرىنى كۆپەيتتى.

## ئۇيغۇرلاردىكى ئىككى تاشقى تەسىر يولى

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىدىغان تاشقى تەسىرلەر ئاساسلىقى ئىككى لىنىيە بويىچە كېلىدىغان بولۇپ،ئۇنىڭ بىرى ، ئوسمانلى ئىمپىرىيەسى يولى ئىدى.بۇ لىنىيەئارقىلىق تۈركچىلىك، مىللى ئاقارتىش ۋە مىللى ئويغىنىش ئىدىيەلىرى گىرەلەشكەن ھالدا«ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمئىيتى» نىڭ ئەخمەت كامال ۋە باشقا بىر قىسىم ۋەكىللىرى ئارقىلىق قەشقەر قاتارلىق جايلارغا مەكتەپ ئېچىش يولى بىلەن يېتىپ كەلدى . ئەخمەت كامالنىڭ قەشقەردىكى بىر قانچە يىللىق مائارىپ پائالىيىتى روشەنكى بۇ رايوندا ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىڭ يۇرتىنىڭ بىر قىسىم ئىمانى كۈچلۈك ، كاللىسى ئوچۇق دىنى ئەربابلىرى، زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. ئەخمەت كامال نوقۇل ھالدا مائارىپ جەھەتتىن ئاقارتىشلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىن مەلۇم ساندىكى ئىلغار كىشلەر ئارىسىدا مىللى ئويغىنىش، مىللى گۈللىنىش ۋە مىللى ئېتىخارلىق ئىدىيەلىرىنى سىڭدۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋەبۆلۈنمە ھالىتىدىكى خىتاي ۋەزىيىتي گەرچە ئۇيغۇرلارئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت بولسىمۇ ، بىراق پۈتۈن جەمئىيەت خاراكتېرلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك جاھالەتتە قالغان ئۇيغۇرلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قالغان ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەسلىدىكى چوڭ پۇرسەت 1911-يىلى، مانجۇ ئىمپىرىيەسى ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن خىتاينىڭ پارچىلىنىشى ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئارقىمۇ-ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى، گەرچە يۈئەن شىكەي ھاكىمىيەتنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما، خىتاينىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا ئۇيۇشالماسلىقتەك چوڭ داۋالغۇش ۋەزىيىتى ئىدى.مانجۇ ئىمپىرىيەسىنىڭ ۋەيران بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتتىن موڭغۇللار تولۇق پايدىلىنىپ، رۇسلار بىلەن ئاكتىپ ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە ئۇلارغا تايىنىش سىياستى قوللىنىش يولى بىلەن رۇسلارنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا ئۆز مۇستەقىل

دۆلتىنى قۇردى ۋە ئۇنى ساقلاپ قالدى. بۇ خىل سىياسەتنى كېيىنكى سۇخباتور، چويبالسان قاتارلىقلارمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا تولۇق مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە خەلقئارا سەھنىگە چىقىش پۇرسەتلىرىنى ياراتتى. تىبەتلەرمۇ مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن ئۆز ئىگىلىك ھوقۇقىنى جاكارلاپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى تاكى 1950-يىلغىچە داۋاملاشتۇردى.1912-يىلى، پەقەت سۇن جۇڭشەن تەرەپدارلىرى ھېسابلىنىدىغان كۆرەدىكى خىتايلارنىڭ «ئىنقىلابچىلار پارتىيەسى» قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنى مۇستەقىللىق جاكارلىغان بولسىمۇ، بىراق ياڭ زېڭشىنىنىڭ ھىلە-نەيرەڭگى بىلەن ئۇلار ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇپ ئاخىرى تۈگەشتى. قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بولسا « گېلاۋخۇيچىلار»، چىڭ ئىمپېرىيەسىدىن قالغان خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە باشقا جايلارنى پاراكەندە قىلالىدى. ۋاھالەنكى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە پەقەت قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوزغىلىڭى بىۋاستە قۇمۇل ۋاڭى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر يەرلىك خانىغا قارشى ئىسيان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنى چىڭ ئىمپېرىيەسىدىن، ۋە ياكى ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىكىدىكى خىتاي مىلتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش، مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتىلىكخاراكتېرىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇرپان رايونىدىمۇ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرى يۈزبەرگەن بولسىمۇ، ئۇمۇ تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالدى.قىسقىسى، تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى مىقياسىدا يۈز بەرگەن ۋە ئېنىق سىياسىي مەقسەتكە ئىگە، يۇقىرى سىياسىي ساپالىق رەھبەرلىك تەرىپىدىن ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىنغان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى بولغان بولسا، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ھاكىمىيىتىنىقۇرۇش ۋە دۇنيادا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى. ئومۇمەن، 1931-1934-يىللاردىكى ئومۇمىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەسلىدە 1911-1912-يىللىرى يۈز بېرىشى، 1933-يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 20 يىللار ئىلگىرى قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئىمپېرىيەلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى جاكارلاشتىن ئىبارەت بۇ دۇنيا تارىخىدىكى چوڭ قانۇنىيەت ئۇيغۇرلارغا نېسىپ بولمىغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنالماسلىقىدىكى سەۋەبلەر ھەر خىل بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىقى،بۇۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارداتاشقى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋەزىيىتىگە، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەھۋالىغا تەدبىقلىيالايدىغان، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئازادلىق ، مۇستەقىللىق يولىغا پۈتۈن خەلقنى باشلىيالايدىغان مىللەتپەرۋەرلەر قوشۇنىنىڭ يوقلىقى ئىدى. بار بولسىمۇ، بۇ سانى ناھايىتى ئاز كىشلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەسىر كۈچى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇنىڭغا جەمئىيەتنىڭخىتاي مىلىتارىستلىرىبىلەن ھەمكارلىشىۋالغان پۇلدارلار ، بايلار ۋە جاھىل دىندارلار گۇرۇھى يول قويمايتتى، قىسقىسى، بىر ئابدۇقادىر داموللام، بىر سابىت داموللام ياكى مەمتىمىن بۇغرا ۋە باشقىلار سانىسىزلىغان نادان خەلقنى قوزغاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەنە شۇ مەزگىللەردە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرنى كۆرگەن ۋە تەربىيە ئالغان بىر قىسىم ئاڭلىق كىشلەر، مىللەتپەرۋەرلەر ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يېتىشىچە، خەلقنى ئويغىتىش يولىنى تۇتتى.ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلار جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ مەلۇم قاتلىمىدا بارا-بارا مىللىي ۋە دىنى ئويغىنىش پىكىرلىرى پەيدا بولۇشقا باشلاپ، مىلتارىست ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ماشىنىسىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنە شۇنداق مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي گۈللىنىش پىكىرلىرىنىڭ بىخ ئۇرۇشىدا يەنە تۈركىيە ۋە باشقا ئەللەرگە بېرىپ-كېلىپ تۇرغان بىر قىسىم ئاڭلىق تىجارەت ئادەملىرى، دىنىي زىيالىيلار ۋە ئىستانبۇلدا يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسى ئالغان كىشلەر مۇھىم رول ئوينىدى. مۇسابايوفلار جەمەتى، مەسئۇد سەبرى بايقوزى ۋە باشقا بىر قىسىم كىشلەر بۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

20ـئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۈنجى تۈركۈمدىكى ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالدىغان ئوقۇغۇچىلار مۇساباييوفلار جەمەتى ئارقىلىق ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلدى ۋە بۇ ئىش يەنە داۋاملاشقان بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا 15 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىستانبۇلدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 6 ئادەم ھەربىي ئاكادېمىيەدە، 4 گالاتسارايى لىتسېيىسىدە، بىر ئادەم ئىمپېرىيە سەنئەت ئاكادېمىيەسىدە ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەسئۇد سەبرى بايقوزى ئەڭ ئابرويلۇق ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببى فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ئۇنى پۈتتۈرگەن ئىدى[47].

گەرچە مۇساباييوفلار جەمەتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئاكتىپلىقى بىلەن ئىستانبۇلغا بېرىپ ئوقۇغان بۇياشلارنىڭ سانى ئەينى ۋاقىتتا كۆپ بولمىسىمۇ، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش ۋە باشقاجايلاردىن تۈركىيە ، ھىندىستان، مىسىرۋە باشقا ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىگە بېرىپ ئوقۇيدىغانلار تاكى 1930ـيىللارغىچە داۋاملاشقان ئىدى.تارىخى نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىدىكى تۈنجى زامانىۋى ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىستانبۇل ئالىي مەكتەپلىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولسا، 1920ـ1930ـيىللاردا مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن ئالىي مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش مەركىزى تاشكەنت، موسكۋا، ئالمۇتا، قازان، باكۇ ۋە باشقا شەھەرلەر، بولۇپمۇ تاشكەنت بولۇپ قالغان ئىدى.

20ـئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن ئېتىبارەن بىر قىسىم بىلىملىك ۋە ئاڭلىق ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى، مەسىلەن ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللا، مەسئۇد سەبرى بايقوزى ، مۇساباييوفلار جەمەتىدىكىلەر ، قۇتلۇق شەۋقى ھەم باشقىلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى يېقىندىن كۆزەتكەن ئىدى. بۇ ئاڭلىق ئىلغار كىشىلەرنىڭ سانى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇخارا، تۈركىيە، ھىندىستان، مىسىر ھەتتا ياۋروپا ئەللىرىنى كەزگەن، ئىلىم تەھسىل قىلغان ، قىسقىسى دۇنيادىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ـئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەر ئىدى.

يەنە بىر يول ئىدىل ـئۇرال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، بۇ يول ئارقىلىق ئاساسلىقى جەدىتىزم ئىدىيەلىرى يېتىپ كەلگەن ئىدى. جۇغراپىيەلىك يېقىنلىق ۋە قولايلىق ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى بۇ رايونلارغا، بولۇپمۇ ئەنجان، تاشكەنت، بۇخارا، قوقان، شەمەي، ئورىنبۇرگ، ئۇفا، قازان، باكۇ ۋە باشقا شەھەرلىرىگە كۆپلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى ياراتقان بولۇپ، 1900ـ1906ـيىللىرى ئارىسىدا ئەنجان بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر يولىنىڭ تولۇق پۈتۈپ، موسكۋا ۋە پېتېرگراد (سانكتپېتېربۇرگ) قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ، جۈملىدىن ياۋروپانىڭ باغلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يول بويىدىكى شەھەرلەرگە تىجارەت، ئىشلەش مەقسەتلىرى بىلەن كۆپلەپ بېرىش پۇرستى ياراتقان ئىدى. بۇ ھال كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت، شەمەي ،قازان، ئورىنبۇرگ ۋە باشقا شەھەرلەردىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ يېقىن بولغان تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى جەدىتىزم ۋە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى، ئىدىيەلىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى يارىتىلدى. بۇ دەل بۇ جايلاردا ئۆزبېك جەدىتىزمىنىڭ كۈچىيىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. قەشقەرىيە بىلەن قوشنا بۇ جايلار قەشقەرىيەگە ئەڭ تېز تەسىر كۆرسىتىش كۈچىگە ئىگە. ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ،ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر، بۇ رايوندا قۇرۇلغان قوقان ھۆكۈمىتى، بۇخارادىكى ياش بۇخارالىقلار ھەرىكىتى ، تاشكەنت، قوقان، ئەنجان ۋە باشقا جايلاردىكى «شورائىي ئىسلامىيە»نىڭ

---

[47] .David Brophy. Uyghur Nation. Reform and Revolution in Russia_China Frontier ( ئۇيغۇر خەلقى: رۇس-ختاي چېگرىسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب) . Harvard University Press.2016.p.96.

پائالىيەتلىرىگە ھەمدە پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا قوشنا جايلاردا كەڭ ئەۋجى ئالغان ۋە رۇسلار « باسمىچى»دەپ نام بەرگەن قىزىل رۇس ئىشغالىيىتىگە قارشى قورالىق مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە تەبئىي ھالدا بۇ رايونلاردا ياشىغۇچى ۋە قەشقەرىيەدىن كېلىپ ۋاقىتلىق تۇرىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قاتنىششى ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇ ۋەقەلەرگە شاھىد بولۇشى تەبئىي ئىدى.

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى- كەينىدە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە ھەر خىل ئۇچۇرلار مەۋجۇت بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف 1923-يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە يوللىغان دوكلاتىدا، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، يەتتىسۇ رايوندا 265 مىڭ، سىر دەريا رايوندا 30 مىڭ، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەنتتە 2500 بولۇپ، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە جەمئىي 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ[48]. ئەمما، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1925-يىلى، ئۆزىنىڭ « كەمبەغەللەرئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ ھېسابلايدۇ[49]. لېكىن ئۇ، بۇ سانلارنىڭ قانچىلىكىنىڭ سوۋېت پۇقرالىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن.

1930-يىللاردا سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن «ئۈچ ھاجى»نىڭ بىرى ، 1920-يىللاردىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھاشىم ھاجىنىڭ 1920-يىللاردا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شەرق بۆلۈمىگە يازغان بىر دوكلاتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا 500 مىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل ۋاقىتلاردا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇر بارلىقى، بۇلارنىڭ يېرىمىنىڭ خىتاي پۇقرالىقىدا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان[50]. يەنە بىر ماتېرىيالدا تۈركىستاندا 279 مىڭ شىنجاڭدىن چىققان كىشى ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[51]. ئومۇمەن، 1917-1920-يىللىرى ئارىسىدا پەرغانە ۋادىسى ، يەتتىسۇ ۋە باشقا جايلاردا ئاللىبۇرۇن ماكانلىشىپ، رۇسىيە ئىمپېرىيەسى پۇقراسى ھېسابلانغان ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە ۋاقىتلىق ئىشلەش، تىجارەت قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ-كېتىۋاتقان ۋە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپا بار ئىدى. ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئەڭ زىچ ھېسابلىناتتى.قىسقىسى، ھەر يىلى ياز مەزگىللىرىدە مىڭلاپ « ئەنجان»غا بارىدىغان ئۇيغۇر ئىشلەمچىلىرى ،

---

48 ئا.روزباقىيېۋ. ن.روزباقىيېۋا.ئۇيغۇرخەلقىنىڭمۇنەۋۋەرپەرزەنتى.ئالمۇتا،1988.

49 .ئابدۇللا روزباقىيېف. «گەزەك مۇئەللىملەرنىڭ» .«كەمبەغەللەر ئاۋازى». 1925-يىلى، 18-ئىيۇل كۈنى.

50 . В.А. Бармин.Одеятельности Коминтерна по созданию революционной партии в Синьцзяне в 20-х 30-х гг. XX века (كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 20-30-يىللىرىدا شىنجاڭدا ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇش پائالىيەتلىرى). Uygur intitaive Papers. University of Georgi Washington. No.9.2014.p.3

51 شۇ ئەسەرگە قارالسۇن.

سودىگەرلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقان يوقلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ ھېچ بولمىغاندا مەلۇم قىسمى ئۆزلىرىگە قوشنا بۇرايونلاردىكى ۋە ئۇنىڭدىن يىراق جايلاردىكى سانائەتلىشىش، زامانىۋى پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ نەتىجىلىرى، زامانىۋى قاتناش، زامانىۋى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى، زامانىۋى مەدەنىيەت ،مائارىپ ۋە ئىدىيە -پىكىر جەھەتلەردىكى يېڭىلىنىش قاتارلىق تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى.

ئومۇمەن، بۇ ۋاقىتتا ھەر قانداق ئىلغارلىق ۋە سىياسىي،-ئىجتىمائىي تەسىرلەر ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئەنە شۇنىڭ ئۆزىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى ئاسىيا رايونلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق، فېئودال ۋە مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمرانلار ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىگە ئوخشاش قالاقلىق ۋە تېخىمۇ نادان قالدۇرۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە ئېلىپ كېلەلمەيتتى ھەم كەلمەيتتى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە خەلق سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك قالاق قالدى.

## تۈركىستان كومىسسىيەسى

ئابدۇللا روزىباقىيېف 1918-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن ئېتىبارەن يەتتىسۇدىن غۇلجا تەرەپكە كەتمىگەن ئۇيغۇرلار ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېف ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى لېنىننىڭ شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش چاقىرىقلىرىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەشقەرىيە ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىشىنى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە ئۈمىد باغلاپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇش ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تاللىۋالغان ئىدى.

تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 1919-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئالمۇتىدا يەتتە ئەر، ئىككى ئايالدىن تەركىپ تاپقان تۇنجى « ئۇيغۇر جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ 20-ئەسىر تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر مىللى نامىنى قوللىنىپ قۇرۇلغان ، ئۇيغۇر مىللى كىملىكى ۋە مىللى ئىدېئولوگىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش ھەم كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان ئاممىۋى-سىياسىي تەشكىلات ئىدى. مەزكۇر جەمئىيەت تېز كېڭىيىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى كۆپ جايلاردا تارماقلىرى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى كۆپەيدى.

بۇ ۋاقىتتاسوۋېت رۇسىيەسى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن تۈركىستان كومىسسىيەسىنى قۇر غان بولۇپ،گ. ئى. بوكىئى، ف. ئى. گولوشچېكىن، ۋ. ۋ. كۇيبىشېۋ، يان. ئە. رۇدزۇتاك، م. ۋ. فرۇنزې، ش. ز. ئەلىئاۋا قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بەش كىشىلىك كومىسسىيەنىڭ[52]يەنە بىر ۋەزىپىسى لېۋ تروتسكىينىڭ ئىدىيەسى بويىچە دۇنيا ئىنقىلابىنى بۇخارا، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە، ئافغانىستان ھەم ھىندىستانلارغا يېيىش شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئىدى. تۈركىستان كومىسسىيەسى 1920-يىلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇخارا خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى، خارەزم خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋە 1918-يىلى قۇرۇلغان تاشكەنتنى مەركەز قىلغان

[52] .Николаева В. П., Туркомиссия как полномочный орган ЦК РКП(б)( تۈرك كومىسسىيەسى رۇسىيە كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئورگىنى). ”Вопросы истории КПСС“, 1958.2-san.

بولشېۋىكلارنىڭ تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى نازارەت قىلىش، ھەتتا باشقۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولدى.

تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىستلىرى ۋە موسكۋادىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى مۇستەقىل بۇخارا ئەمىرلىكىنى يوقىتىشنى نىشان قىلىپ، «ياش بۇخارالىقلار » دەپ ئاتالغان بۇخارا جەدىت مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ بۇخارا ئەمىرىنى ئاغدۇرۇپ، قالاق خانلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى قوللىدى ۋە ئۇلارغا ھەربىي ياردەم بەرگەن ئىدى. نەتىجىدە، ئەنە شۇ قىزىل ئارمىيەنىڭ غايەت زور ئەسكىرى كۈچلىرىنىڭ ،جۇملىدىن ئايروپىلان ۋە باشقا ئېغىر قوراللىرىنىڭ بۇخارا دەھشەتلىك بومباردىمان قىلىشلىرى 500 يىللىق دۆلەت يوقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ،ئۆزىنى مۇستەقىل دەپ ئېلان قىلىسىمۇ، بىراق بۇ ھۆكۈمەت بارا- بارا موسكۋانىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان، ئاخىرىدا 1924-يىلى، پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغان ئىدى.ھەتتا ئەنە شۇ سوۋېتلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ 500 يىللىق خاندانلىقىنى يوقىتىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قىرىلىشى بەدىلىگە بۇخارا شورالار جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان بۇخارا جەدىتلىرى فەيزۇللا خوجايېف (1896-1938)، ئابدۇرەۋۇپ فىترەت (1886-1938)باشقا ئونلىغان « ياشبۇخارالىقلار»گۇرۇپپىسى رەھبەرلىرى بەرىبىر 1937-1938-يىللىرى ستالىن تۈزۈمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ۋە ئاخىرىدا ئۇنى موسكۋانىڭ تەسىرىگە ئېلىشتا ئەنە شۇ موسكۋادىن كەلگەن كومىسسىيە ئەزالىرى،جۇملىدىن قوماندان فرۇنزې مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. چۈنكى، بۇ كومىسسىيەنىڭ قولىدا قۇدرەتلىك ۋە زور سانغا ئىگە قىزىل ئارمىيە بار ئىدى. تۈركىستان كومىسسىيەسى 1920-يىلى تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسى مۇسۇلمانلار بيۇروسىنىڭ قازاق مىللىتىدىن كېلىپ چىققان مەسئۇلى تۇرار رىسقۇلوف باشچىلىقىدا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى «تۈركىي خەلقلەر سوۋېت جۇمھۇرىيىتى»گە ئۆزگەرتىش، تۈركىستاندىكى خەلقلەرنى ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز دېگەندەك ئايرىم ئېتنىك ناملارغا ئايرىشقا قارشى تۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن تۈركىي خەلقلەر سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، «مۇسۇلمانلار بيۇروسى»نى «مەركىزى كومىتېت » قىلىش ،ئايرىم «تۈرك قىزىل ئارمىيەسى»قۇرۇش دېگەندەك قارار ۋە تەلەپلىرىگە قارشى چىقىپ[53]، رۇسىيە سوۋېت فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدىكى تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ھەمدە تۈركىستاندىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش جەھەتتىمۇ ئۈنۈم قازاندى. بۇ جەھەتتە تۈركىستان كومىسسىيەسى ۋەكىلى ۋە تۈركىستان فرونتى قوماندانى مىخايىل فرۇنزې ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ يۇقىرىقىدەك تەلەپلەرنى موسكۋاغا، لېنىننىڭ ئالدىغا قويغان «مۇسۇلمانلار بيۇروسى»نىڭ رەھبەرلىرىنى «مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەپ، لېنىننى بۇ تەلەپلەرنى ئاڭلىماسلىققا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى[54] . تۈركىستان كومىسسىيەسىنى قەدەممۇ-قەدەم پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى موسكۋادىكى لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيەسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا تۇپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

[53] .Glenn L. Roberts( 2007).Commissar and Mullah: Soviet-Muslim Policy from 1917 to 1924 ( كومىسسار ۋە موللا: 1917- 1924-يىللىغىچە سوۋېت مۇسۇلمانلار سىياسىتى) . Publisher.Dissertation.Comp. pp.73-76.

[54] يەنە شۇ كىتاب.73-76-بەتلەر.

مەزكۇر كومىسسىيەنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىمۇ كىرگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئىنقىلابى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى مەزكۇر كومىسسىيەنىڭ خىزمەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. مەزكۇر كومىسسىيە، 1921-يىلىغا كەلگەندە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى تۈركىستان بيۇروسىغا ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇ ھەم پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي-سىياسىي ۋە پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى ھېسابلىناتتى. مەزكۇر بيورونىڭ رەھبىرى يان رۇدزۇتاكنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىشى ۋە ئاخىرىدا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىن ئىبارەت ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، موسكۋانىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا يوللىشى شۇنىڭدەك 1921-يىلى، 3-9- ئىيۇن كۈنلىرى تاشكەنتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، «ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىنى قوللىشى مەزكۇر كومىسسىيە ۋە كېيىنكى بيرونىڭ ھەرىكەت دائىرىسىگە ئۇيغۇرلار ھەم ئۇيغۇرلار دىيارىمۇ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار يېتەكچىلىكىدە يەتتىسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىنى گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسى، يەنى «قەشقەرلىقلەر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار بىلەن « تارانچىلار» دەپ ئاتالغان ئەسلى ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ۋە بارغانسېرى كۈچەيگەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى خىتاي مىلىتارىستلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدىيەسىنى يادرو قىلىپ، تۈرلۈك سىياسىي، ئاممىۋى ۋە مەدەنىيەت ئاقارتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان . بۇ خىل ئىدىيەگە مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ۋە باشقىلاربولۇپ ، ئۇلار يان رۇدزۇتاك قاتارلىق تۈركىستان كومىسسىيەس ئەزالىرى ۋە تۈركىستانئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى ۋە ئۇنىڭيەتتىسۇ بۇيوروسى بىلەن زىچ ئالاقىلاردە بولغان ئىدى.

## « ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» ۋە ئۇيغۇر سىياسىي قىسمىتىنىڭ تۇنجى قېتىم پىچىلىشى

1920-1921-يىلى ئارىسىدا يەتتىسۇ ، تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەچچىلىگەن سىياسىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئا. روزىباقىيېف قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى «ئالتىشەھەر-جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىمۇھىمدۇر.

مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ 1921-يىلى 3-9-ئىيۇن كۈنلىرى تاشكەنتتە چاقىرغان قۇرۇلتىيى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە مەزكۇر تەشكىلات «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىپ، ئۆز ھەرىكىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ئەسلى تۈپ نىشانىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى كېڭەيتىپ، ئۆز مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىكەنلىكى ۋە باشقىلارئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئالاھىدە سىياسىي ۋەقە ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن، 1921-يىلى، 3-9-ئىيۇن كۈنلىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى تۈركىستان بيۇروسى ۋە تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر مەزكۇر بىرىنچى قۇرۇلتايغا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار، قالغانلىرى، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن

بولۇپ، ئىككى ئايالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 117 كىشى قاتناشقان [55] .قۇرۇلتايدا « ئۇيغۇر ئىتتىپاقى»نىڭ ھەرىكەت پروگراممىلىرى ۋە باشقا نىشانلىرى بېكىتىلگەن ھەمدە مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قەشقەرلىق ۋە ئىلىلىق ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف، تۇڭگانلاردىن ماگازى ماسانچى قاتارلىق كىشىلەر مەركىزى كومىتېتقا كىرگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېف ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغان شۇنىڭدەك ئىسمائىل تاھىروف، ماخمۇدوف ۋە ماگازى ماسانچى موسكۋادا ئېچىلىدىغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ تاللانغان[56]. ھەتتا، قىزىل ئارمىيەنىڭ يەتتىسۇ، پىشپېك (ھازىرقى بىشكەك)قاتارلىق جايلاردىكى تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن تۇڭگان ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى ماگازى ماسانچى «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىسمائىل تاھىروف ۋە ئابدۇراخمان ماخمۇدوف بىلەن بىرگە موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، قىزىل ئارمىيەنىڭ تۈركىستان فرونتى قوماندانى مىخايىل فرۇنزېنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاستىدا ۋلادىمىر لېنىن بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ پىكىر ئالماشتۇرغان ئىدى[57].

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى،1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتىسۇدىكى تۇڭگانلار سىياسي پائالىيەتلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، تۇڭگانلار ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدە ،جۈملىدىن « ئۇيغۇر» نامى ئاستىدىكى ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان ، پەقەت 1924-يىللاردىن كېيىن تۇڭگانلار ئۆزلىرى ئايرىم پائالىيەتلەردە بولۇش يولىغا كىرگەن ئىدى.

20-ئەسىر ئۇيغۇر سىياسي قىسمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋ. لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيەسى سىياسي بيۇروسىنىڭ 1921-يىلى، 4-ئىيۇن كۈندىكى ھەل قىلغۇچ قارارى« ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى»نىڭ تەقدىرىنىلا ئەمەس بەلكى كېيىنكى ئۇيغۇر سىياسي قىسمەتلىرىنى بېكىتىش رولىنى ئوينىدى.

مەلۇمكى، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» رەسمىي قۇرۇلۇپ ،ئالتە ئايدىن كېيىن تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ تارقىلىشى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق تۈركىستان بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى يان رۇدزۇتاك ( 1887-1938)نىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوندا «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش» لايىھەسىنىڭ 1921- يىلى، 4-ئىيۇن كۈنى چاقىرىلغان رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى سىياسي بيۇروسىنىڭ مەخسۇس يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 3-ئىيۇن كۈنى باشلىنىپ، ئەتىسى،4-ئىيۇن كۈنى، رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بىيوروسمۇ مەخسۇس يىغىن چاقىرغان بولۇپ، بۇ يىغىندا لېنىن، تروتسكىي، ستالىن ۋە باشقا سىياسي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتنىششى بىلەن رۇدزۇتاكنىڭ بۇ لايىھەسى مۇزاكىرىگە قويۇلغان. بۇ لايىھەگە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گېئورگى

---

[55] . . David Brophy. Uyghur Nation. Reform and Revolution in Russia-China Frontier ( ئۇيغۇر خەلقى: رۇس-ختاي چېگرىسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب) . Harvard University Press.2016.pp. 175-190.

[56] نەبىجان تۇرسۇن. لېنىننىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى- " ئانا يۇرت " جۇرنىلى، 2013-يىلى، 2-سان..

. ئەنقەرە. داۋىد بروپھي. شۇ كتاب. 175-190-بەتلەر

[57] .Тельман ДОСТАНБАЕВ, Герой дунганского народа Магазы Масанчи ( تۇڭگان خەلقىنىڭ قەھرىمانى -ماگازى ماسانچى) .<«Мысль» . Июнь 27, 2016.

چىچېرىن قەتئىي قارشى تۇرغان ھەمدە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قارشى پىكىرلىرى ۋلادىمىر لېنىننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن[58]. لېنىننىڭ قارارىغا سىياسىي بيورونىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بىردەك قوشۇلۇشى تەبىئىي ئىدى. روشەنكى قەشقەرىيەدە ۋە جۇڭغارىيەدە ئىككى ئايرىم جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا قوشۇلمىغان ۋلادىمىر لېنىننىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ غايىسى قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىنغان ئىدى[59].

ئارقىدىن ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ، 1921-يىلى، 18-دېكابىر كۈنى موسكۋادا ئېلىنغان مەزكۇر قارارغا ئاساسەن، تۈركىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنى رەسمىي تارقىتىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان « قوشچىلار ئىتتىپاقى»غا قوشۇلدى[60] . بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى ھەر خىل بولۇپ، تۈپ سەۋەبلەر سوۋېت رۇسىيەسى بولشېۋىكلار پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ «دۇنيا ئىنقىلابى » پىلانىدا ۋە تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيەسىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى تاشقى سىياسى جەھەتتىن، سوۋېت رۇسىيەسىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتىم قالدۇرۇۋاتقان غەرب، يەنى ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن رەقىبلىشىشنىڭ ئورنىغا دىپلوماتىيەلىك ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، يىراق شەرقتە بولسا، ختاي بىلەن بولغان دىپلوماتىيە سۆھبەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ختاي جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى تەھدىتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار دىيارىدا ئىنقىلاپ قوزغاپ، سوۋېتلەشتۈرۈشنى پايدىسىز دەپ ھېسابلاش قاتارلىق سىياسىي تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلغان ئىدى. كرېمل يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن بولسا، ئەنۋەر پاشا باشچىلىقىدا ئورتاق تۈركچىلىك ئىدېئولوگىيەسى ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلەر ۋە «باسمىچىلار» ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ھەم ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش، يەنى ئۇنىڭ مەركىزى كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى سابىر ئەخمەت قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەنۋەر پاشا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ھەم باشقا بىر يۈرۈش سەۋەب-ئامىللىرى بار ئىدى[61]. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە، بۇ ۋاقىتلاردا ئىچكى ئۇرۇشتا سوۋېتلەرنىڭ قىزىل ئارمىيەسى پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىش يولىغا مېڭىپ، ئادمىرال ئالېكساندىر كولچاك ( 1886-1920)باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ھۆكۈمەت —پۈتۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئارمىيەسى تولۇق دېگۈدەك يوقىتىلغاندىن تاشقىرى 1921-يىلى، 5-ئايدا سوۋېت ھاكىمىيىتى ياڭ زېڭشىن بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ، قىزىل ئارمىيەنى چۆچەك قاتارلىق جايلارغا كىرگۈزۈپ، بۇ رايونغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان گېنېرال ئالېكسېي دۇتوۋ، گېنېرال

---

[58] .Бармин В.А. Советский Союз и Синьцзян. 1918-1941 ( -1918-1941 -يىللىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ-- ) Барнаул, 1998. с.84-85

[59] نەبىجان تۇرسۇن. لېنىننىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى (1917-1924-يىللىرى) " ئانا يۇرت " ژۇرنىلى، 2013-يىلى، 2-3-. سانلىرى. ئەنقەرە.

[60] نەبىجان تۇرسۇن. لېنىننىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى (1917-1924-يىللىرى) " ئانا يۇرت " ژۇرنىلى، 2013-يىلى، 2-3-. سانلىرى. ئەنقەرە.

[61] نەبىجان تۇرسۇن. لېنىننىڭ يىراق شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى (1917-1924-يىللىرى) " ئانا يۇرت " ژۇرنىلى، 2013-يىلى، 2-3- . سانلىرى. ئەنقەرە.

ئاندرېي باكچ ۋە گېنېرال بورىس ئانېنكوۋ قوماندانلىقىدىكى قاچاق ئاقلار ئارمىيەسىنى تارمار قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. ياش زېگشىن پۈتۈنلەي سوۋېتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ رايىغا بويسۇنىدىغان سىياسىي تەدبىر قوللىنىۋاتاتتى.

## ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىد ئارىسىدىكى توقۇنۇش

يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككى ۋەكىلى ئابدۇللا روزىباقىيېف بىلەن ھوسەيىنبەگ يۇنۇسوف 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي قىسمەتلىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئۈمىدىنى باغلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز مىللىي ئازادلىقىغا ياردەم بەرگۈچى ۋە ئۇنى قوللىغۇچى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ «نىجات يۇلتۇزى» دەپ قارايدىغان پىكىر ئېقىمى بىلەن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئازادلىقى يولىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئۈمىد باغلىماسلىق، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە باشقا خىل يول ئىزدەشتىن ئىبارەت يەنە بىر خىل پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىككى خىل تىپنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، 1921-يىلى، ئىيۇندىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيى ئوتتۇرا ئاسىيا رايوندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئىنقىلابچىلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرى ئۈچۈن زور ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدە ئىنقىلاب قوزغاپ، ياش زېگشىن ۋەكىللىكىدىكى خىتاي مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا خىۋىدى بۇخارا، خارەزم قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغاندەك سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىنىڭ ئارقىسىغا قارا كۆلەڭگىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى، يەنى كرېمىل سارىيىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيەسى يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ نىيىتىنىڭ باشقا ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر قالغان ئىدى. بىراق، يان رۇدزۇتاك لايىھەسىنىڭ كۈن تەرتىپتىن قېلىشى ۋە ئارقىدىن « ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى»نىڭ تارقىتىۋېتىلىشى بىلەن بىر قىسىم سەزگۈر ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى سوۋېتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. سوۋېتلەرگە ئۈمىد باغلىمىغان، ئەكسىچە ئۇلارغا قارشى تۇرغان ھوسەيىنبەگ يۇنۇسوف ۋە باشقا مىللەتپەرۋەرلەر بولسا غۇلجىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

1917-يىلى ئالمۇتا قۇرۇلغان « تارانچى-تۆگگان كومىتېتى»نىڭ رەئىسى ۋە ئالمۇتادا 1918-يىلى چىقىرىلغان تۇنجى ئۇيغۇر گېزىتى « سادائىي تارانچى»نىڭ ساھىبى ھوسەيىنبەگ يۇنۇسوفنىڭ غۇلجىغا كەتكەندىن كېيىنكى تەقدىرى يەنە باشقىچە بولدى. ئۇ 1918-يىلىدىن تاكى 1930-يىللارغىچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە ياشىغان. مەتبەچىلىك ۋە مەدەنىيەت-ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. رۇس تىلىنى مۇكەممەل بىلگەن بۇ زىيالىي 1934-يىلى، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئەۋەتىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرستەتىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوقۇتۇش مەسىلىسىدە سۆزلەشكەن. بىراق، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ «تارانچى» لارنى ئايرىم مىللەت قىلىپ بېكىتىشىگە كۈچ چىقارغان دېگەن ئۇچۇرلارمۇ بار. ئەمما ئۇ شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئاپتوموبىل ھادىسىسى بىلەن قازا قىلغان. ئۇ ئەسلىدە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ، يەنى لېنىن ۋە ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ كونا ئەشەددىي دۈشمىنى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سوۋېت بىخەتەرلىك ساھەسى-ن ك ۋ د ( ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى)ئورگانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىماللىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوف غۇلجىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىنمۇ 1918-1920-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلىنىڭ ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ئۇلاردىن پىدائىي قوشۇن تەشكىللەپ، يەتتىسۇغا ئەۋەتىپ، گېنېرال ئانىنكوۋ، ئاتامان دۇتوۋنىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشقان. ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوف بۇ ۋاقىتتا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئەمەس، ئەكسىچە ئومسك شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئادمىرال كولچاك رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن رۇسىيە ئالىي ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ھەتتا كولچاكقا خەت يېزىپ، ئىلىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى شۇنىڭدەك تارانچىلار (ئۇيغۇرلارنىڭ) تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان ئىدى[62]. 1918-يىلىدىكى « ئاتۇ » پاجىئەسى ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوفنىڭ ، جۇملىدىن يەتتىسۇدىن ئىلىغا قېچىپ كەلگەن ۋە ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى كۈچەيتكەنلىكى روشەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاقلار ئارمىيەسىگە پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ، قىزىللار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا 1918-يىلى، 500 نەپەر،كېيىنرەك ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرى قاتناشقان، ھەتتا غۇلجىدىكى چار رۇسىيە كونسۇلى تارانچىلاردىن ئۈچ مىڭ كىشىنى ئەسكەرلىككە تەييارلاپ يەتتىسۇغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.تارانچىلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل پىداكارلىقى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇلارنى قىرغىن قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن كولچاكمۇ 1919-يىلى ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق ۋە ئۆزىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت خېتى ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ« سانى ئاز بولسىمۇ،ئەمما ئۇلارنىڭ روھىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى»نى يۇقىرى باھالىغان[63]. بۇ ئالاقىلەردە ھۈسەيىنبەگ يۈنۈسوفنىڭ رولى بار ئىدى.

لېكىن، ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمائىل تاھىروف ۋە باشقا يۈزلىگەن مىللەتپەرۋەرلەر يەنىلا بولشېۋىكلاردىن ئۈمىدىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ئۇلار بولشېۋىكلار مەپكۇرىسىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، بۇ يولدىن پايدىلانماقچى بولدى. ئەمما، 1923-يىلى، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى ئارىسىدا سوۋېتلەردىن تولۇق ئۈمىد ئۈزۈش كۈچەيگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مەزگىل مۇنازىرىلەر داۋاملاشتى. نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف قاتارلىق سوۋېتلەردىن ئۈمىد ئۈزگەن گۇرۇپپا بولسا ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى يولىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلىشتى.

ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيا، جۈملىدىن شەرقتىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىش شوئارلىرىغا ئىشەنگەن ۋە ئۈمىد باغلىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى تۈرلۈك يەر ئاستى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، مەخپىي تۈردە « ئۇيغۇرىستان» ھەرىكىتى پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل تەشكىلاتلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەشقەر، ئاقسۇ ۋە غۇلجا ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلغان ئىدى. 1923-1924-يىللىرى غۇلجا ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەخپىي يەر ئاستى « شەرق » تەشكىلاتى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، «ئۇيغۇرىستان» غايىسىنى ئاساس قىلغان مەزكۇر تەشكىلات ھەتتا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئاگېنتلىرى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان ئىدى[64]. تارىخى مەنبەلەرگە تايانغاندا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال

62 . David Brophy. Uyghur Nation. P.153.

63 ئارخىپھۆججەتلىرىدىكىپاكىتلار ۋە تارىخ:يەتتىسۇدىكىگرازدانلار ئۇرۇشى، 2015..

64 .РГАСПИ Ф. 514.Оп. 1. Д. 48. (رۇسىيە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي تارىخ ئارخىپى) Aprel ,1924. Д оклад по Синьцзяну( شىنجاڭ ھەققىدە دوكلات. 1924-يىلى،ئاپرېل)

ئۆز ئاگېنتلىرىنى تاكى 1927-يىللىرىغىچە ئۇيغۇرلار دىيارىغا كىرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، ئالمۇتانى بازا قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېف مەسئۇل بولۇپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر يەر ئاستى خادىملىرىنى ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتىش ۋە ئۇ يەردە مەخپىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ھەم ئالاقە قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى.

## ستالىن باسقان ئۇيغۇر سىياسىي تراگېدىيە قارا تامغىسى

1927-يىلى، 17-فېۋرال كۈنى ستالىن رەھبەرلىكىدىكى پۈتۈن رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئىنقىلاب قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق چەكلەش ھەققىدە مەخپىي قارار قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۇيغۇر دىيارىغا مەخپىي تۈردە «قوراللىق ئۇيغۇر خادىملىرىنى ئەۋەتىش، قورال-ياراق كىرگۈزۈش ئىشلىرىنى دۆلەت سىياسىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ قاتتىق چەكلىشى، كوممۇنىستلار پارتىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى ۋە قازاق ئۆلكىلىك بيۇروسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈملىرىنى تەشكىللىگۈچىلەر تەركىبىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشقان كىرىشلەرنى خىزمەتكە قويماسلىق»نى[65]، « شىنجاڭنى خىتايدىن ئايرىيدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرنىڭ ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىق دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا قەتئىي يول قويۇشقا بولمايدىغانلىق»نى بېكىتتى[66].ئەنە شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى يەنە بىر قېتىم رەسمىي تۈردە سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايدىڭ بولغان ئىدى، ئەمما ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا موسكۋانىڭ بۇ تۈپ مەيدانىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش خاھىشى يەنىلا داۋاملىشىۋەرگەن ئىدى.

بۇ قارار ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ سوۋېتلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئالاقىسى ۋە ئۈمىدىنى ئۈزۈش، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلى قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېلىپ، تىنچ ياشاش يولىنى تۇتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش رولىنى ئوينىدى. ئەنە شۇ قارار بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنجان، قاراقول،تاشكەنت ،ئالمۇتا ۋە باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆز ئانا ۋەتىنىدە سوۋېتلەرگە تايىنىپ، ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىش سىياسىي تەشۋىقاتلىرى ئېلىپ بارغان ھەم تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشقانلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن»ناملىق ئەسلىمىسىدە قەيت قىلىنغان ئەنجان قاتارلىق جايلاردا مەخپىي تەشكىلىنىپ، قەشقەر تەرەپلەرگە كىرىپ ئىنقىلاب قىلماقچى بولغان بىر گۇرۇپپا قوراللىق ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىنىش ۋەقەسى سىياسىي بيۇرونىڭ ئەنە شۇ قارارىدىن كېيىن بولغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن.

سوۋېتلەرگە تايىنىپ،« ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش ئۈمىدىنى ئاخىرغىچە يوقاتمىغان ۋە بۇ يولدا پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئابدۇللا روزىباقىيېف ۋە ئۇنىڭ « ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى»نى قۇرغان بىر قىسىم مەسلەكداشلىرى- ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىسمايىل تاھىروف، ئابدۇلھەي مۇھەممىدى،بۇرھان قاسىموف قاتارلىق يۈزلىگەن ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى 1937-يىلى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.ئابدۇللا روزىباقىيېفقا ئارتىلغان جىنايەتلەرنىڭ بىرى « مىللەتچىلىك» ئىدى.ھەتتا « ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» مەركىزى كومىتېتى ئەزاسى تۇڭگانلاردىن ماگازى ماسانچىمۇ

---

[65] .ВКП(б), Коминтерн и Китай. Документы. Т. 2.1926-1927. Ч. 2.Москва,1996. С.619 ( پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنىستلار (پارتىيەسى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ۋە خىتاي؛ ھۆججەتلەر. 2-توم.1926-1927-يىللىرى.2-قىسىم.619-بەت. موسكۋا )

[66] .ВКП(б), Коминтерн и Китай. Документы. Т. 2.1926-1927. Ч. 2 Москва,1996. С.619

ئابدۇللا روزباقىيېفنىڭ «مىللەتچىلىك» شايكىسى ئەزاسى سۈپىتىدە ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن خالى قالمىغان ئىدى. ھەتتا « قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرى»نى قۇرۇش لايىھەسىنى سۇنغان لاتىش مىللىتىدىن كېلىپ چىققان يان رۇدزۇتاكمۇ 1937-1938-يىللىرىدىكى تازىلاشتا «خەلق دۈشمىنى» ئاتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

1931-يىلى قۇمۇل تاغلىرىدا مىللىي ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئوتلىرى يېنىپ پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىغا تۇتاشقاندا، كرېمل يەنە بىر قېتىم بۇ دىيارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە باش قاتۇردى. كومىنىستىك ئىنتېرناسىيونال ، يەنى 3-ئىنتېرناتسىيونال خادىملىرى ۋە سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا بىيوروسىنىڭ لاتىش مىللىتىدىن بولغان سېكرېتارى كارىل بائۇمان 1932-يىلى، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بۇ قوزغىلاڭلارنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەزگۈچىلەرگە، فېئودال مۇستەبىتلەرگە قارشى كۈرىشى دەپ كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق كرېملدىكى ستالىن، ۋوروشىلوۋ، مولوتوۋ قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشىدا بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى سىياسىي بىيوروسى مەزكۇر مەسىلىنى يەنە مۇزاكىرە قىلىپ، 1933-يىلى، 1-ئاۋغۇست كۈنى 12 ماددىلىق قارار قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىدا مۇستەقىللىققە يول قويماسلىق، بۇ جاينىڭ خىتايدىن ئايرىلىشىنى قوللىماسلىق، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ما جۇڭيىڭنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى بەلگىلىدى . ئەنە شۇ مەخپىي قارار بويىچە موسكۋا 1933-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1934-يىلىنىڭ 1-ئېيىدا ئالتايىسكىي نامىدا زور قوشۇن كىرگۈزۈپ، تۇڭگان كۈچلىرىنى يوقاتتى ۋە شۇ يىلى 12-نويابىر كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، خوجا نىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى. 1937-يىلى بولسا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بىر دىۋىزىيەگە يېقىن ئەسكىرى ئايروپىلان ۋە تانكىلارنىڭ ھىمايىسىدە جەنۇبىي رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، ئابدۇنىياز بەگ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە ما خۇسەن باشچىلىقىدىكى تۇڭگان قوراللىق كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان شېڭ شىكسەيىنى ئىككىنچى قېتىم قۇتقۇلدۇرۇپ يۆلەپ تۇرغۇزدى.

ئەنە شۇ 1933-يىلى 8-ئايدىكى سىياسىي بىيورونىڭ قارارى 1921-يىلى،4-ئىيۇن كۈنى ۋلادىمىر لېنىن پىچقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي قىسمىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، لېنىننىڭ قارارى ھېچقاچان بۇزۇلمىغان ئىدى. سوۋېت بولشېۋىكلىرى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ سىياسىي بىيوروسى 1931-1937-يىللىرى ئارىسىدا ئىلگىرى –كېيىن 10 قېتىمغا يېقىن مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدە يىغىن ئېچىپ، مەخپىي قارارلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ قارارلارنىڭ ھەممىسىدە باشتا جىن شۇرېنغا قورال سېتىپ بېرىش،كېيىن شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىش ۋە يۆلەش ھەم شۇ ئارقىلىق بۇ شەرقىي تۈركىستاننى ( شىنجاڭنى ) نامدا خىتاينىڭ خەرىتىسى ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ 17- جۇمھۇرىيىتىدەك ھالدا ئىدارە قىلىش ھەم سودا-ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدىلىنىش تاكتىكىسى قوللانغان ئىدى. ھەتتا ستالىن شېڭ شىسەيىنىڭ بىر قانچە قېتىم « شىنجاڭ سوۋېت جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇش، يەنى بۇ ئۆلكىنى ئۆزى ئايرىم باشقۇرۇش ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رامكىسى ئاستىدا بولۇش تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ تاشلىغان ئىدى. موسكۋا بۇ ئىشلارنى خىتاينىڭ ياپونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،شۇ ئارقىلىق ياپونلارنىڭ مانجۇرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇيغۇرلار دىيارىغا يېتىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش پىلانى ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. جەنۇب تەرەپتە بولسا بۈيۈك بېرتانىيە ئاملى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ھامان يوشۇرۇن تەھدىدىنى يوقاتمىغان ئىدى. ۋاھالەنكى، ستالىن 1942-1943-يىللىرى شېڭ شىسەيدىن دەشنام يېدى. ئۇ ئۆزى يۆلەپ تۇرغۇزغان « رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ بۇ ساقتا ئەزاسى»نىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ياۋرو-ئاسىيا جۇغراپىيىۋى-سىياسەت

شاخمات تاختىسىدىكى  پېچكا قىلىپ ئوينىش ئويىغا كەلدى. شىڭ شىسەي ۋە ئۇ باشلاپ كەلگەن مىللەتچى خىتاي پارتىيەسى، يەنى گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ئەڭ شىددەتلىك زەربە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشتا ئەڭ ياخشى كۈچ ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئىدى. نەتىجىدە، 1943-يىلى، 4-ماي ستالىن سىياسىي بيوروسى يەنە بىر قېتىم مەخپىي يىغىن ئېچىپ،« شېڭشىسەي يۈزسىز ئادەم» دەپ خۇلاسە چىقاردى ۋە ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ھەم ياردەم بېرىش كېرەك دەپ بەلگىلىدى[67] . مانا بۇ ئارقا كۆرۈنۈش 1944-1949-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. 1945-يىلى، 22-ئىيۇن كۈنى بولسا سوۋېت كومپارتىيەسى  سىياسىي بيوروسى  يەنە بىر قېتىم مەخپىي قارار  قوبۇل قىلىپ،15مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنى قوراللاندۇرۇش، 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە 500 ئوفىتسېر ئەۋەتىپ، مىللىي ئارمىيەگە ياردەم بېرىش پىلانىنى بېكىتتى[68]. ئەپسۇسكى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىپ، 1945-يىلى، 15-ئاۋغۇست كۈنى سوۋېت-خىتاي دوستلۇق ، ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىدىن كېيىن كرېمىل بۇرۇنقى سىياسىي يۆنىلىشلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى پېچەتلەنگەن ئىدى.

1948-1949-يىلى  ماۋ زېدوڭ   ئۈچ چوڭ ئۇرۇشتا گومىنداڭ ئارمىيەسىنى تارمار قىلىش بىلەن ستالىن  ئۆزىنىڭ « شىنجاڭ»  ياكى شەرقىي تۈركىستان سىياسىي ئىستراتېگىيەسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى، 1949-يىلى، 2-ئايدا سىياسىي بيورو ئەزاسى مىكويانىنى ئەۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ « شىنجاڭدىن زېمىن تەلەپ يوقلۇقىنى»بىلدۈرۈپ، ماۋنى خاتىرجەم قىلدى.ئەپسۇسكى، بۇ مەخپىي پىچىمدىن غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر، جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقى بىخەۋەر ئىدى.  شۇ يىلى  4-ئايدا خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى نەنجىڭنى ئىشغال قىلىش بىلەن  ستالىن ماۋنىڭ غەلىبىسىگە تولۇق ئىشەندى. بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ سابىق ئىتتىپاقداش دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلىشىپ، يوشۇرۇن ئۇرۇش ھالىتى ۋە رەقىبلىك شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، بۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى. موسكۋا ئۈچۈن  يېڭى كوممۇنىستىك چوڭ دۆلەت-  كوممۇنىستىك خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىغا قارىغاندا ئىنتايىن كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئامېرىكىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن  خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنى ئۆزىگە ئىتتىپاقداش قىلسا ئۇنىڭغا زور دەرىجىدە پايدىلىق بولاتتى. ستالىن مۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىگە قوشنا ئۇيغۇر دىيارىدا بىرەر مۇستەقىل دۆلەت مەۋجۇت بولۇشى ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئازادلىق كۈرەشلىرى ۋە ياكى قوراللىق قوزغىلاڭلار يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ قول تىقىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئەنە شۇنداق گۇمانلىق ئەندىشىلىرى تۈپەيلىدىن ماۋ زېدوڭنىڭ بۇ ئۆلكىنى تېزدىن ئىشغال قىلىشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئايروپىلان چىقىرىپ ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەسلى 1950-يىللاردا كىرىمەن ۋە 500 مىڭ  كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىمەن [69] دەپ تۇرغان ماۋ زېدوڭ  120 مىڭ كىشىلىك   ئارمىيەسىنى  ستالىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە  ئايروپىلان ياردەملىرى بىلەن ئىلگىرى –ئاخىرى پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىغا كىرگۈزۈشكە  ئېرىشتى. 1950-يىلى 2-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

[67] رۇسىيە دۆلەتلىك سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقات ئارخىپى.  17-فوند. 162-خاتىرە، 37-دېلو،76-78- ياپراقلار..

[68] رۇسىيە دۆلەتلىك سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقات ئارخىپى.  17-فوند. 162-خاتىرە، 37-دېلو،155-145- ياپراقلار..

[69] رۇسىيە دۆلەتلىك سىياسىي-ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقات ئارخىپى.  558-فوند. 11-خاتىرە، 332-دېلو،54-56- ياپراقلار..

«دوستلۇق ۋە ئۆزارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى» ئىمزالاپ، زور ياردەملەرگە ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ماۋنىڭ « بىرلا تەرەپتە تۇرۇش» ،يەنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىلا تۇرۇش سىياسىتىنى جاكارلىشىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى

بىراق ، ماۋنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىغا ئۇرۇشسىز ھالدا ئىگە بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ئىقتىسادىي ياردەملەرگە ۋە سىياسىي قوللاشلارغا ئېرىشىشى بەدەلسىز بولمىدى. ئۇ 1950-1953-يىللىرى ستالىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بۇيرۇقى بويىچە كورېيەگە قوشۇن كىرگۈزۈپ، ئامېرىكا باشلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلىپ، زور ساندىكى ئادىمىنى بۇ ئۇرۇشقا يەم قىلىپ بەردى. ماۋ ئەمەلىيەتتە ستالىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئىدى. ئەنە شۇ كورېيە ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقاندا غۇلجىدا سابىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان 51 نەپەر مىللەتپەرۋەر كادىر جۇڭگو كوممۇنىست ھۆكۈمىتى تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ يوللىغان بولسىمۇ، قوللاشقا ئەمەس، تەنقىدكە ئېرىشتى. بۇ كىشىلەر ستالىننىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئۇسۇلى بويىچە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش سىياسىتىنى خىتاي كومپارتىيەسىمۇ قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشەنگەن بولسا كېرەك، 1953-يىلى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىنلا خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىدا ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ، ئالدى بىلەن بارلىق چوڭ-كىچىك مىللەتلەرگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىپ ، پۈتۈن ئۆلكىنى مەمۇرىي جەھەتلەردىن پارچە-پارچە ھالغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن 1955-يىلى، 10-ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى »قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىدىن دوڭ بىۋۇ ئۆزلىرىگە قانداق خىلدىكى ئاپتونوم ھوقۇقى بېرىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان ئۇيغۇرلارغا « سىلەر شىنجاڭغا نىسبەتەن ئاكا مىللەت، شۇڭا سىلەر ئالدى بىلەن ئۇكىلىرىڭلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىڭلار»، « جۇڭگوغا نىسبەتەن خەنزۇلار ئاكا مىللەت، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېگەندەك شەكىلدە گەپ قىلغان ۋە سەيپىدىن ئەزىز قاتارلىقلارغا تەسەللىي بەرگەن ئىكەن. بۇ سۆزنىڭ نەق ھۆججىتى بارلىقى روشەن.شۇنىڭ بىلەن ۋە 1957-1958-يىللىرىدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە سوۋېت تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇزۇن يىللار ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق كۆرەشلىرىدە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم بېرىدۇ دەپ سەبىلەرچە ئىشەنگەن ھەم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1922-يىلدىن تاكى 1947-يىلغىچە جاكارلاپ كەلگە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش شوئارلىرىغا ئۈمىد كۆزى بىلەن قارىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مودېلىدىكى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش ئىتتىپاقداش ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن تەڭ دەپنە قىلىنغان ئىدى. ماۋ زېدوڭ ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ داھىيسى بولۇش ھېسسىياتى بىلەن مەيدانغا چىققان بولۇپ، 1957-1958-يىللىرى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقداش ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت چۈشى تەل-تۆكۈس بۇزۇپ تاشلاندى. ئاقىۋەتتە ، ئىتتىپاقداش ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت چۈشىدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش ۋە ياكى قېچىش قىسمىتىنى تاللىدى.

1955-يىلى، 10-ئايدا ئۇيغۇر تىلى خىتاي تىلى بىلەن تەڭ سالاھىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تىلى دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئەنە شۇ ھۆكۈمەتتە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ئىش بېجىرگەن باشلىقلار ۋە كادىرلار ئۆز باللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ بۆگۈنكى كۈندە ئۆز ئانا تىلىدا كېكەچلىشى ۋە ياكى بۇ تىلدىن نومۇس قىلىش، قورقۇش، ئازابلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىنىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تراگېدىيەلىك تارىخىدا خاتالىقلارمۇ كۆپلەپ سادىر قىلىندى. خاتالار ئىزچىل تەكرارلاندى ۋە تەكرارلانماقتا. تارىختىكى خاتالار ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى يىغا پەريادلىرىنىڭ مەنبەسىدۇر.بۈگۈنكى خاتالار كېيىنكىلارنى يىغلىتىشى تەبئىي. ئەمما، بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تارىخنىڭ ئۇزۇن ۋە بوران-چاپقۇنلىرىدىن بۈگۈنكى كۈنىمىزگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا شەكىللەنگەن ، راۋاجلانغان ۋە كۈچەيگەن روھى دۇنياسى ئۈنچىۋالا ئاسان زاۋال تاپمايدۇ، تارىختا قانچىلىغان مىللەتلەر، دىنلار،تىللار ۋە مەدەنىيەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، سىڭدۈرۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلالىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىدا يەنە نەچچە مىڭلىغان شانلىق تارىخي مۇساپىلەر تۇرۇپتۇ.ئۇيغۇر خەلقىدە بىر ئاتىلار سۆزى بار. بۇ ئاتىلار سۆزىنىڭ ئۆزى ھەم مىڭ يىللاردىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.ئۇ بولسىمۇ« باشقىلارغا كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ»، « نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك»دېگەن ماقاللاردۇر. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئاتىلار سۆزىگە ئىشەنسە چوقۇم «ئۇيغۇرلارغا ئورا كولىغان ھەر قانداق كۈچنىڭ ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى ھامان بىر كۈنى چۈشىدىغانلىقى»غا ئىشىنىشى كېرەك !

،

---

## ئىزاھاتلار

(1) ئامېرىكا تارىخچىسى جەيمس مىللۋارد ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئومۇمى تارىخى ھەققىدىكى ئەسىرىدە ئۇيغۇر دىيارىنى « ياۋروـئاسىيا تۆت كوچا ئېغىزى» دەپ ئاتىغان.قاراڭ “EurasianCrossroads: A History of Xinjiang”. Columbia University Press. 2007. :

(2) بۇ خىلدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىق مونوگرافىيە ۋە ماقالىلار تۆۋەندىكىچە

Гуревич Б.П., Плоских В.М. Кокандско-китайские отношения и кризис национально-колониальной политики Цинской империи в Синьцзяне // Известия Академии наук Киргизской ССР. 1980. N 5. Гуревич Б.П. Международные отношения в Центральной Азии в XVII - пер.пол. XIX в. Изд. 2-е. М., 1983.Дубровская Д.В. Судьба Синьцзяна. Обретение Китаем

«Новой границы» в конце XIX в. М., 1998.Думан Л.И. Русская и иностранная литература о дунганском восстании 1861-1878 гг. в Китае // Библиография Востока. Вып. 7. Л., 1936.Зотов О.В. Джунгария и Восточный Туркестан в политике империи Цин: стратегическая акупунктура «Ицзина» // XXII научная конференция «Общество и государство в Китае». Тезисы и доклады. Ч. 1. М., 1991Хафизова К.Ш. Россия, Китай и народы Туркестана в публицистике В.П. Васильева // История и культура Китая. М., 1974.Ходжаев А. Цинская империя, Джунгария и Восточный Туркестан. (Колониальная политика цинского Китая во второй половине XIX в.). М., 1979.Ходжаев А. Карательные походы цинского правительства против народов Джунгарии и Восточного Туркестана в 1878-1881 гг. М., 1987.Юдин В.М. Некоторые источники по истории восстания в Синьцзяне в 1864 г. // Труды Института истории, археологии и этнографии им. Ч.Ч. Валиханова АН КАЗ.ССР. Т. 15. Вопросы истории Казахстана и Восточного Туркестана. Алма-Ата, 1962.Кляшторный С.Г., Колесников А.А. Восточный Туркестан глазами русских путешественников.Алма-Ата, 1988.Исиев Д. Уйгурское государство Йэттишар (1864-1877). М., 1981.Воскресенский А.Д. «Илийский кризис» в русско-китайских отношениях: особое совещание 4 марта 1879 г. // XXII научная конференция «Общество и государство в Китае». Тезисы и доклады. Ч. 3. М., 1991.Басханов М. Политика Англии в отношении государства Якуб-бека // Из истории международных отношений в Центральной Азии (средние века и новое время). Алма-Ата, 1990.Под ред.Г.М. Исхакова.Баранова Ю.Г. К вопросу о переселении мусульманского населения из Илийского края в Семиречье в 1881-1883 гг. // Труды сектора востоковедения АН КазССР. Алма-Ата, 1959. Т. 1.Кузнецов В.С. Экономическая политика цинского правительства в Синьцзяне в первой половине XIX века. М., 1973.Кузнецов В.С. Цинская империя на рубежах Центральной Азии (вторая пол. XVIII - первая пол.XIX вв.Новосибирск, 1983. В.А. Моисеев.Россия и Китай в Центральной Азии(вторая половина XIX в. - 1917 гг.)“.Барнаул: 2003.

(3) بۆھەقتە تۆۋەندىكى  ئەسەرلەرگە قاراڭ :

Д. И. Тихонов. Хозяйство и общественный строй Уйгурского государства 10-14 вв. - М.-Л., 1966. Гумилёв Л. Н. Древние тюрки .М.-Л .1967.Хунны в Китае. М., 1974;Кызласов Л.Р. История Тувы в средние века. Изд-во Московского университета, 1969, А. Г .МалявкинУйгурские государства в IX-XII веках .-Новосибирск .Наука, 1983.Танские хроники о государствах Центральной Азии: Тексты и исслед.Новосибирск: Наука. Сибирское отд-ние, 1989. Материалы по истории уйгуров в IX-XII вв. Новосибирск: Наука. Сиб. отд-ние, 1974. М. Н .Кабиров .Очерки истории уйгуров Советского Казахстана, А.-А., 1975.Исхаков Г. М .Этнографическое изучение уйгуров Восточного Туркестана русскими путешественниками второй половины XIX века. Алма-Ата : Наука, 1975.М. Р.Рузиев. Возрожденный уйгурский народ .Алма-Ата : Казахстан, 1982. Отв. ред. Г. Садвакасов .Вопросы истории и культуры уйгуров : [Сб. ст.] / АН КазССР, Ин-т уйгуроведения; Алма-Ата :1987. Краткая история уйгуров / [Г. М. Исхаков, Б. А. Литвинский, Т. А. Шеркова и др.; Отв. ред. Г. С. Садвакасов, Г. М. Исхаков]; АН КазССР, Ин-т уйгуроведения. Алма-Ата : Гылым, 1991.С. Н .Кибирова .Музыкальная культура Восточного Туркестана II в. до н. э. - XX в. н. э. [Текст] : (фонд источников и постановка проблем) . Санкт-Петербург :1994. А. И. Нарынбаев Из истории общественной мысли древних и средневековых уйгуров. Бишкек : Илим, 1994.

(4).ВосточныйТуркестаниСредняяАзия. История. Культура. Связи. М.:Наука, 1984.
ВосточныйТуркестанвдревностиираннемсредневековье.Очеркиистории. // М.:ГРВЛ. 1988. ВосточныйТуркестанвдревностиираннемсредневековье. Этнос, языки, религии. // М.: 1992.
ВосточныйТуркестанвдревностиираннемсредневековье.. // 1995. 2000.

(5) رۇسيەدە قۇرۇلغان كوممۇنستلار پارتيەسىتاكى 1950-يىللارغىچە بىر قانچە خىل ئاتالغان بولۇپ،دەسلەپتە، 1918-1925-يىلغىچە « رۇسيە كوممۇنستىك پارتيەسى ( بولشېۋىكلارنىڭ)»، 1925-1952-يىلى« پۈتۈن ئىتتىپاق كوممۇنستىك پارتيەسى ( بولشېۋىكلارنىڭ) » ، 1952-يىلدىن ئېتىبارەن«سوۋېت ئىتتىپاقكوممۇنستىكپارتيەسى» دەپ ئاتالغان

(6) David Brophy. Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russia-China Frontier. Harvard University Press.2016. Benson, Linda (1990). The Ili Rebellion: the Moslem challenge to Chinese authority in Xinjiang, 1944-1949 .M.E. Sharpe. 2010. James A. Millward and Nabijan Tursun, ”Political History and Strategies of Control, 1884-1978“ in Xinjiang: China’s Muslim Borderland. Millward, James A. (2007). Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang .Columbia University Press. 2014.Andrew D. W. Forbes (1986). Warlords and Muslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang 1911-1949 .CUP Archive. Christian Tyler (2004). Wild West China: The Taming of Xinjiang Rutgers University Press.Ondřej Klimeš ( 2015). Struggle by the Pen: The Uyghur Discourse of Nation and National Interest, c.1900-1949 .BRILL. .Bovingdon, Gardner (2010), The Uyghurs: Strangers in Their Own Land, Columbia University Press. David D. Wang. Under the Soviet Shadow: The Yining Incident; Ethnic Conflicts and International Rivalry in Xinjiang, 1944-1949. pg. 406. Tursun, Nabijan (December 2014).”The influence of intellectuals of the first half of the 20th century on Uyghur politics“ .Uyghur Initiative Papers. Central Asia Program (11): 2.

(7) بۇ قېتملىق كۆچۈشتىكى ئادەم سانى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. كۆپىنچە رۇس تارىخچىلىرى 45 مىڭ ئۇيغۇر، 5 مىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان ئاھالىسىنىڭ كۆچكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئەمما، رۇسىيە ئىمپېرىيەسى يەتتىسۇ ھەربىي گۇبېرناتورى گېنېرال گېراسىم كولپاكوۋسكىي 1883-يىلى، 19-مارت كۈنى رۇسىيە ئارمىيەسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال ن.ن. ئوبرۇچېۋغا يوللىغان دوكلاتىدا 75 مىڭ تارانچى ( ئۇيغۇر) ۋە 5 مىڭ تۇڭگان شۇنىڭدەك يەنە باشقا ئېنىق سانىدىكى قازاق ھەمقىرغىزلارنىڭ رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى جايلارغا كۆچكەنلىكىنى قەيت قىلغان. قاراڭ؛(ob 64-63 ..76 ..رۇسىيە دۆلەتلىك ھەربىيتارىخى ئارخىپى،ۋ ئۇ ئا فوندى.خاتىرە 1، دېلو 63.76-64-تىزىملىك)

رۇسىيە تارىخچىسى ۋ. مويسېيېۋ بۇ سانىنى خۇلاسىپ، شۇ قېتىم جەمئىي 107 مىڭ ئادەمنىڭ كۆچكەنلىكىنى يازغان. قاراڭ: : 2003, -.207 .

يەنە بىر رۇس تارىخچىسى يۇ.گ بارانوۋا بولسا ئۆزىنىڭ 1959-يىلدىكى ئىلمى تەتقىقاتىدا شۇ قېتىمقى كۆچۈشتە 70 مىڭ ئادەمنىڭ رۇسىيە تەۋەلىكىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلغان ئىدى.قاراڭ: بارانوۋا يۇ.گ.« مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ 1881-1883-يىللىرى ئىلى ئۆلكىسىدىن يەتتىسۇغا كۆچۈش مەسىلىسى ھەققىدە» .

(8) بۇ ھەقتە ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن ئىمىنجان باۋۇدۇنىنىڭ « ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن. رۇس تارىخچىلىرىدىن. ۋ.ئا. مويسېيېۋ .

ختاي ۋە رۇسيە مەركىزى ئاسىيادا ( 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە)

Barnaul. 2003.183-206-betler
.غۇلجىنىڭ ئولتۇراق ھاياتىكى مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە كۆچۈشى ھەققىدىكى خاتىرە .ن.ن .پانتۇسوۋ
‹‹ئىلى مەسىلىسى››نىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ ختايلىق ساقتىلاشتۇرغۇچىلىرى// ھۆججەتلەر رەت قىلىدۇ. رۇس-ختاي
مۇناسىۋەتلىرى تارىخىنى ساقتىلاشتۇرۇشقا قارشى M. 1982. C. 457.